# يېزا پەن ـ تېخنىكىسى

2014
4



ئاتاقلىق خەتتات- نىياز كېرىم شەرقى

# 农村科技

ISSN 1004-1095
04>
9 771004 109006



ئاتاقلىق خەتتات، يېزىق مۇتەخەسسىسى نىياز كېرىم شەرقى 1948- يىلى تۇرپاندا تۇغۇلغان، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن. 1958-يىلىدىن باشلاپ خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جامائەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، ئەسەرلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە ئۆزبېكىستان، تۇنىس، ياپونىيە، كورىيە، تەيۋەن قاتارلىق دۆلەت ھەم رايونلاردا كۆرگەزمە قىلىنىپ مۇكاپاتلانغان. نىياز كېرىم شەرقى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېزىقىنىڭ يېڭى مەتبۇئات خەرپلىرىنى لايىھەلەپ بېكىتىشتە زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، لايىھىلىگەن يېڭى خەرپلىرى دۆلەت تەرىپىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك باھالانغان. ئۇنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدىن باشقا يېزىق تەتقىقاتى، نەققاشلىق، مۇزىكا، ئەدەبىيات ۋە ھەرخىل لايىھەلەردىمۇ نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى «ئەخلاق كەسپىتە تەڭ يېتىلگەن خەتتات» ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «تەڭرىتاغ ئەدەبىيات-سەنئەت مۇكاپاتى»، «شىنجاڭدىكى مۇنەۋۋەر مۇتەخەسسىس»، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «شىنجاڭ خەتتاتلىق تۆھپە مۇكاپاتى» (ئىككى قېتىم) دېگەن شەرەپلىك ناملارنى بەردى. ئۇنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ئامېرىكا، گېرمانىيە، ياپونىيە، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، گوللاندىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى يىغىپ ساقلىغۇچىلار قولىدا ۋە ئامېرىكا سىھسىيومىيان دۆلەت مۇزېيى ھەم مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن سەنئەت مۇزېيلىرىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلانماقتا.

نىياز كېرىم شەرقى دۇنيا يېزىق سەنئىتى جەمئىيىتىنىڭ پەخرى مۇدىرى، جۇڭگو خەتتاتلار جەمئىيىتى 3-، 4-، 5-، 6- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، تەھرىرلىك - نەشرىياتچىلىق كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى. جۇڭگو تارىخ مۇزېيى رەسىم گالېرىيەسى سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئۈچ قارار ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەتتاتلار جەمئىيىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ھەمدە جەمئىيەتنىڭ دائىمىي ئىشلار مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، شىنجاڭ يىپەك يولى خەتتاتلار - رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، دۆلەتلىك 1- دەرىجىلىك گۈزەل سەنئەت ئۇستازى.

نىياز كېرىم شەرقى ئاكىنىڭ ئالتۇن بويىنىڭ ئامان، بارلىق ئىشلىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

2014 ـ يىل 4 ـ سان
(ئومۇمىي 348 ـ سان)

يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى
全国优秀科技期刊,省级月刊

ش ئۇ ئا ر يېزا خىزمىتى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر نامراتلارنى يۆلەش، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى، ش ئۇ ئا ر پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، ش ئۇ ئا ر يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى ۋە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ باشچىلىقىدا نەشر قىلىندى.

# بۇ ساندا


## تېرىش پەرۋىش

بۆلجۇرگەننى مېۋىلىك باغلارنىڭ قۇر ئارىلىقىغا كىرىشتۇرۇپ تېرىش تېخنىكىسى .....گۈلنار مەخسۇم (1)

كۆممىقوناق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار..........................مەختۇمخان بارات (3)

پىدىگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى ....................................ئارزۇگۈل رېقىپ (5)

كېۋەزنى خىمىيەلىك كونترول قىلىش ئۇسۇلى ................ كېرەمجان راخمان قاتارلىقلار (7)

## ئەسلىھەلىك يېزا ئىگىلىكى

پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار...............گۈلبىرا ماناپ قاتارلىقلار(8)

پارنىك قوغۇنىنى چاڭلاشۇرۇش ئۇسۇلى ...................... مەمەت ئەخمەت قاتارلىقلار (9)

## ئوغۇت تۇپراق

زىرائەتلەردە ئوزۇقلۇق كەملىككە ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى ...................... تۇنىساخان (11)

خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى....ئايزىمگۈل يۇسۇپ (13)

تاۋۇزنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ..........................گۈلنىسا قادىر قاتارلىقلار (14)

كۆكتاتلارغا يوپۇرماق ئوغۇتىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۇسۇلى ... ئابدۇرېھىم نىزامىدىن (15)

شور چايقاپ تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى .......نۇرۇنگۈل باقى (17)

پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئىلمىي ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ............................روشەنگۈل ھاجى (19)

تۇپراقنى نىسبەتلەشتۇرۇپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى ............................مەمتىمىن ئابدۇغېنى (20)

## باغۋەنچىلىك

بېھى مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار ..... نىساگۈل ئەمەت (21)

ئۈلاقچىلىقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئۈلاقتىن كېيىنكى پەرۋىشى... قەلەمخان ماناپ (23)

## ئۆسۈملۈك ئاسراش

چىلاندىكى كېسەللىك ۋە زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ....روزىگۈل تۇردى (25)

كېۋەزدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ...... غۇنچەم موللائەمەت (27)

پارنىك كۆكتاتلىرىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى ...... رەيھانگۇل ئەرشى (31)
بىيولوگىيەلىك دورىلارنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى........................ روشەنگۇل (32)

## سۇچىلىق

سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى .........ماخمۇت هامۇت (34)
يېزا ئىگىلىك سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى
............................................................ تۇرسۇنگۇل جامال (36)
ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تەكشۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش ئۇسۇلى...... مەمەتتۇرسۇن تاھىر (39)
مېۋىلىك دەرەخلەرنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى ..............گۈلەمبەر تۇرسۇن (41)
پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم ....... ئوبۇلقاسىم ياسىن (43)
ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە ئاسراپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى
.............................................باھارگۇل سۇلتان (45)
سۇ بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم........پاتىگۇل قۇتلۇق (46)

## چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق

تومتۇياق ھايۋانلاردىكى مۇرە ئالدى لىمفا تۈگىنى ياللۇغىنى يەرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش
............................................. ئاتىكەم ئابدۇكېرىم (48)
قوينىڭ ساغلام ياكى كېسەللىنىپ قالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى ...توختىخان ئەمەت (49)

## ئىگىلىك باشقۇرۇش

كومپيۇتېرلاشقان بۇغالتىرلىق ھېسابات قىلىش ئۇسۇلى ........................گۈلباھار (51)

## يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى

تىراكتور ھەيدەشتە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك ....... مەمەتھاجى ئابلىكىم (53)

## يېزا ئېنېرگىيەسى

كۆمۈر ـ ئوتۇن تېجەيدىغان ئوچاقتا دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى ئوڭشاش ئۇسۇلى .... ھۆرنىسا ئابلىكىم (55)

## قانۇن ئۆگىنەيلى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى ...............(57)

## بىلىۋېلىڭ

توڭلاتقۇ ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار.........................ھەلىمە تۇرسۇن (58)
كۆكتاتلاردىكى ئاساسلىق بۇلغانمىلار ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنى ................ شەرىپەم مەسۇم (59)

باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن
مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت ھەبىبۇللا
مۇھەررىر: ئەنۋەر مۇھەممەت

# 农村科技

Rural Science & Technology

2014年第4期

总348期

新疆维吾尔自治区党委农办、自治区扶贫办、自治区科协、新疆维吾尔自治区农业科学院和新疆农业大学联合主办、面向新疆农牧区、国内外公开发行的综合性省级科普月刊。


## 栽培管理


果园套种草莓栽培技术 …… 古丽娜尔·买合苏木(1)

玉米滴灌栽培技术 …… 买合土木汗·巴拉提(3)

茄子栽培技术 …… 阿尔孜古丽·热克甫(5)

棉花化控方法 …… 克热木·热合曼等(7)


## 设施农业


温室水果型黄瓜栽培方法 …… 古丽比热·马纳甫等(8)

温室甜瓜授粉方法 …… 买买提·艾合买提等(9)


## 土壤肥料


农作物缺素症诊断方法 …… 吐呢沙汗(11)

农药和化肥混用方法 …… 阿依孜木古丽·玉苏普(13)

西瓜配方施肥方法 …… 古丽尼萨·喀迪尔等(14)

蔬菜叶面肥使用方法 …… 阿不都热依木·尼扎木丁(15)

洗盐防治土壤次生盐碱方法 …… 努仁古丽·巴克(17)

温室蔬菜科学施肥方法 …… 茹仙古丽·阿吉(19)

土壤配方施肥方法 …… 买买提依明·阿不都艾尼(20)


## 园艺特产


木瓜落果防治要点 …… 尼萨古丽·艾麦提(21)

嫁接注意事项及嫁接后管理 …… 卡来木汗·马纳甫(23)


## 植物保护


枣树病虫害防治方法 …… 茹则古丽·吐尔地(25)

棉花常见病虫害及防治 …… 吾尼且木·毛拉买提(27)

蔬菜红蜘蛛防治方法 …… 热依汗古力·艾西丁(31)

生物药剂作用及使用方法 …… 茹仙古丽(32)


## 农田水利


家家户户输水工程的意义 …… 马合木提·阿木提(34)

农田水利工作存在问题及解决方法 …………… 吐尔逊古·加马力(36)
渠道检查及维修方法 …………… 买买提吐尔逊·塔依尔(39)
果树节水灌溉技术 …………… 古兰白尔·吐尔逊(41)
浅谈计划用水重要性 …………… 噢布力喀斯木·亚森(43)
机井水位下降原因及维护使用 …………… 巴哈尔古丽·苏力坦(45)
浅谈水资源及合理利用 …………… 帕提古丽·库提鲁克(46)

## 畜牧兽医

单蹄动物肩前淋巴结炎的土法治疗 …………… 阿提坎木·阿布都克热木(48)
怎样分别羊是否串病 …………… 托合提汗·艾买提(49)

## 农经管理

电算化会计账算方法 …………… 古丽巴哈尔(51)

## 农业机械

驾驶拖拉机重视防止意外事故 …………… 买买提阿吉·阿不力克木(53)

## 农村能源

省柴、省煤炉子常见的故障及维修方法 …………… 吾尔尼沙·阿布力克木(55)

## 法律常识

中华人民共和国未成年人保护法 …………… (57)

## 百科知识

使用冰箱注意事项 …………… 艾力曼·吐尔逊(58)
蔬菜主要污染物质及其危害 …………… 协热帕木·买苏木(59)

主管主办：新疆维吾尔自治区农业科学院
编辑出版：《农村科技》杂志社维文编辑部
主　　编：艾力曼·吐尔逊　电话（传真）0991-4505075
责任编辑：阿布来提·艾比布拉　编辑：艾尼瓦尔·买买提
地　　址：乌鲁木齐市南昌路 403 号　邮编：830091
印　　刷：新疆新华印刷厂　定价: 2.00 元
发　　行：乌鲁木齐市邮政局
订　阅：全国各地邮局，各县扶贫办、科技局、农经局和本刊编辑部
国际标准刊号：ISSN　1004 - 1095
国内统一刊号：CN 65 - 1046 / S - W
邮 政 代 码：58 - 123　广告许可证号：0016
收款单位：新疆农业科学院农业经济与科技信息研究所
开户银行：中国农业银行股份有限公司乌鲁木齐南昌路支行
行　　号：103881000461 账号：30-004601040000839

# بۆلجۈرگەننى مېۋىلىك باغلارنىڭ قۇر ئارىلىقىغا كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسى

گۈلنار مەخسۇم
(قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە يېڭىشەھەر بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا، جۈملىدىن ۋىلايىتىمىزدە يېزا ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مېۋە - چېۋىگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، مېۋە - چېۋىنىڭ بازار ئوبوروتىدىكى ۋە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئىستېمالىدىكى ئورنى كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە. ناھىيەمىزدە چىلان، ياڭاق، نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلىك باغلارنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 621 مىڭ 630 موغا يېتىپ، كۆلەملەشكەن بولۇپ، قۇر ئارىسىغا زىرائەت كىرىشتۈرۈپ تېرىپ پايدىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا مېۋىلىك باغلارنىڭ قۇر ئارىلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مېۋىلىك باغلارنىڭ ئاستى ۋە ئۈستىدىن تولۇق پايدىلىنىپ قوش ئۈنۈم يارىتىپ، كەڭ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**1. ئەلا سورتلارنى تاللاش:** مىڭ باۋ (明宝)، گېلېيلا (戈雷拉)، شوفېڭ (硕丰)، شومى (硕密) قاتارلىق سورتلارنى تاللاش لازىم. بۇ سورتلارنىڭ ناچار شارائىتلارغا چىدامىلىقى، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، مېۋىسى چوڭ، سۈپىتى ياخشى، مەھسۇلاتى يۇقىرى. شۇڭلاشقا كىرىشتۈرۈپ تېرىشتىكى ئاساسىي سورت قىلىپ تاللاشقا بولىدۇ. بۆلجۈرگەننى سىرتتىن چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى 20% ئاشۇرغىلى بولىدۇ، شۇڭلاشقا مايسا تىككەندە چاڭلاشتۇرغۇچى سورتلارنى مۇۋاپىق سەپلەش لازىم.

**2. ئوغۇتلاش:** مايسا تىكىشتىن بۇرۇن يېتەرلىك ئوغۇتلاپ، تۇپراقنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش، مېۋىلىك باغلارنىڭ قۇر ئارىلىقىنى 30 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇپ، ھەر مو يەرگە 3000~5000 كىلوگىرام ئەلا سۈپەتلىك ئېغىل - قوتان ئوغۇتى بېرىش، تۇپراق ئاغدۇرۇش جەريانىدا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ چوڭ يىلتىزىنى زەخىملەندۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش:** بۆلجۈرگەن مايسىسىنى ئەتىيازدا ياكى باش كۈزدە تىكسىمۇ بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىدە ئادەتتە باش كۈزدە (8 - ئايدىن 9 - ئايغىچە) تىكىشنى ئاساس قىلىش لازىم. ناۋادا مايسا تىكىش ۋاقتى كېچىكسە مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ، بازارغا سېلىنىش ۋاقتى كې-

چىكىدۇ. مېۋىلىك باغلارغا بۆلجۈرگەننى كىرىشتۈرۈپ تېرىغاندا قىرلاپ تېرىش ياكى تاختىلاپ تېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. تۈپ، قۇر ئارىلىقى 15 × 20، 20 × 25، 20 × 20 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. بۆلجۈرگەن مايسىسىنىڭ غولى قىسقا، يىلتىزى تېيىز بولغاچقا، مايسا تىككەن ۋاقىتتا تېيىزراق تىكىپ، يىلتىزىنى توپا بىلەن مەھكەم كۆمۈش، مايسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن دەرھال سۇغىرىش كېرەك.

**4. پەرۋىشى:** بۆلجۈرگەن مايسىسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىنكى دەسلەپ مەزگىلدە ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاشنى ئاساس قىلىش، كېيىنكى مەزگىلدە فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. چېچەكلەش مەزگىلى ۋە مېۋىنىڭ چوڭىيىش مەزگىلى بۆلجۈرگەننىڭ ئوغۇتقا ئەڭ كۆپ ئېھتىياج بولىدىغان مەزگىل بولغاچقا، بۇ مەزگىلدە 1 ـ 2 قېتىم ئازوت، كالىي، فوسفورلۇق بىرىكمە ئوغۇتلار بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلاش لازىم. ئۆسۈش مەزگىلىدە مۇۋاپىق سۇغىرىش ۋە تۇپراقنى چاغلاپ يۇمشىتىپ ئوت ـ چۆپ يوقىتىش كېرەك. بۆلجۈرگەن مېۋىسىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن كۆپ مىقداردىكى ياتما غول ئۆسۈشكە باشلايدۇ. بۇ مەزگىلدە مايسا كۆپەيتىشكە ئېھتىياج بولغاندىن سىرت، باشقا قىر بويلاپ ئۆسكەن ياتما غولنى ۋاقتىدا بالدۇر ئۈزۈپ ئېلىۋېتىش ئارقىلىق، ئوزۇقلۇقنىڭ خورىشىنى ئازايتىپ، ئانا تۈپنىڭ گۈل بىخى بۆلۈنۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېلەر يىللىق مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

**5. ئۈششۈكتىن ساقلاش:** قىش پەسلىدە بۆلجۈرگەن مايسىسىنى ئۈششۈكتىن ساقلاشقا دىققەت قىلىش كېرەك. يەر توڭلاشتىن بۇرۇن بۆلجۈرگەن مايسىسىنى سامان، شال پاخىلى، قوناق شېخى قاتارلىقلار بىلەن 5 ~ 10 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا يېپىش ئارقىلىق قىشتىكى سوغۇق ۋە ئۈششۈكتىن مۇداپىئە كۆرۈش لازىم. پارنىكتا بۆلجۈرگەن ئۆستۈرۈشتە، 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا پارنىك ياساپ، ئۈنىڭ ئۈستىگە يالتىراق يوپۇق يېپىپ، ئەسلىھەلىك شارائىتتا ئۆستۈرگەندە، بۆلجۈرگەننى 2 ـ 3 ئاي بالدۇر بازارغا چىقارغىلى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (03)

# كۆممىقوناق ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

مەختۇمخان بارات
(خېجىڭ ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 841300)

**1. يەرگە ئىشلەش:** ئادەتتە كۆممىقوناق تېرىشقا بوغداي، شوخلا، مۇچ تېرىغان ئېكىنزى، بولۇپمۇ تېرىلغۇ تۇپراق قاتلىمى قېلىن، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەن، ئوغۇت ساقلاش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ئوتتۇراھال مۇنبەت تۇپراق ماس كېلىدۇ. تېرىشتىن ئاۋۋال يەرنى 25 ـ 28 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئاغدۇرۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر مو يەرگە 2000 ـ 3000 كىلوگىرام ئورگانىك ئوغۇت، 20 كىلوگىرام ئورىيا، 30 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 7 ـ 8 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بېرىپ ئاغدۇرۇش لازىم.

**2. سورت تاللاش:** سۈپىتى دۆلەتلىك 2 ـ دەرىجىلىك سۈپەتلىك ئۇرۇق ئۆلچىمىگە يەتكەن كۆممىقوناق ئۇرۇقىنى تاللاپ، بىخلىنىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن تېرىشتىن بۇرۇن ئىككى كۈن ئاپتاپقا سېلىش لازىم. رايونىمىزغا ماس كېلىدىغان ئەلا سورتلاردىن: «جېڭدەن ـ 958»، «دېڭخەي ـ 9»، «شىنجاڭ كۆممىقونىقى ـ 36»، «شيەن يۈ ـ 335» قاتارلىق سورتلارنى بار تېرىش كېرەك.

**3. ۋاقتىدا تېرىش:** يوپۇق يېپىپ تېرىشتا، يوپۇق ئاستىدىكى بەش سانتىمېتىر تۇپراق تېمپېراتۇرىسى 10℃ ـ 12℃ قا يەتكەندە تېرىسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. ئادەتتە 70 ـ 90 سانتىمېتىر كەڭلىكتىكى يالتىراق يوپۇقنى تاللاپ، يوپۇق ئۈستىگە ئىككى قۇر تېرىلىدۇ، قۇر ئارىلىقى 45 سانتىمېتىر، يوپۇق ئارىلىقى 50 ـ 55 سانتىمېتىر، تۈپ ئارىلىقى 22 ـ 25 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ھەر مو يەرگە 4 ـ 5 كىلوگىرام ئۇرۇق تېرىش، چوڭقۇرلۇقى 3 ـ 4 سانتىمېتىر قىلىپ، تېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىنى كۆمۈش لازىم. تېرىش بىلەن بىرگە ئۇرۇق ئوغۇتى بېرىش، يالتىراق يوپۇق يېپىش، تېمىتىش شىلانكىسى ئورنىتىش قاتارلىقلارنى بىر ۋاقىتتا تاماملاش كېرەك.

**4. ئېتىز ـ ئېرىق پەرۋىشى:** (1) مۇۋاپىق زىچلىقى: قۇر ۋە تۈپ ئارىلىقىغا قاراپ مايسا تاقلاش، مايسا كەم ئورۇنلارغا دەل ۋاقتىدا مايسا كۆ-

چۈرۈش ۋە تولۇقلاپ تېرىش كېرەك. كۆممىقوناق 3 ـ 4 تال يوپۇرماق چىقارغاندا ئۇتاش ۋە مايسا تاقلاپ، ھەربىر ئۇۋىدا بىر تۈپتىن مايسا قالدۇرۇپ، ھەر مو يەردىكى تۈپ سانىنىڭ 5000 تۈپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ (2) تۇپراقنىڭ نەملىك ئەھۋالىغا قاراپ سۇغىرىش: ئەگەر تۇپراقنىڭ نەملىكى ياخشى بولسىلا مايسا چىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نەملىكى ناچار بولۇپ مايسا ئۈنۈپ چىقىشقا قولايسىز بولسا، شىلانكىنى غول تۇرۇبىغا ئۇلاپ، ھەرمو يەرگە ئۈچ كۇب مېتىر سۇ قويۇش ئارقىلىق مايسىنىڭ بالدۇر، تولۇق ئۈنۈپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم، كۆممەقوناق مايسىسىنىڭ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن، بىرىنچى سۈيىنى ئامال بار كېچىكتۈرۈپ قويسا، كۆممىقوناق تۆۋەن قاتلامدىكى ئوزۇقلارنى تولۇق سۈمۈرەلەيدۇ. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق كۆممىقوناقنىڭ پۆتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 7 ـ 8 قېتىم سۇ تېمىتىلىدۇ، تۇنجى سۈيىنى كېچىكتۈرۈپ قويۇش، 2 ـ، 3 ـ سۈيىنى ئەگەشتۈرۈپ سۇغىرىش، كېيىنكى سۈيىنى تېمپېراتۇرا، تۇپراق نەملىكىگە ئاساسەن 7 ـ 10 كۈن ئارىلاپ سۇغىرىش ۋە تېمىتىپ سۇغىرىش قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش لازىم؛ (3) ئىلمىي ئۇسۇلدا ئوغۇتلاش: ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئوغۇتنى سۇدا ئېرىتىپ، تېمىتىپ سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. پۆتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە 7 ـ 8 قېتىم، ھەر قېتىمدا 5 ـ 10 كىلوگىرام ئورىيا بېرىلىدۇ، تېمىتىپ سۇغىرىشتا سۇ مىقدارى ئاز بولغاچقا،ئوغۇت مىقدارى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلىنىڭ قاچىلىنىدۇ، ئوغۇتنىڭ تۇرۇبا يولىدا توسۇلۇپ قېلىپ زايا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوغۇتنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كالىي دى ھىدرو فوسفات قاتارلىق ئېرىشچان فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى تاللاپ ئىشلىتىش؛ (4) زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش: شېكەر ـ ئاچچىقسۇ قىيامى، تېرەك شېخى باغلىمى ئارقىلىق كۆممىقوناق كېپىنىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش؛ كۆممىقوناق كانايچە يوپۇرماق مەزگىلىدە، پىرىتىرىن تۈرىدىكى دورىلارنى چېچىپ، كۆممىقوناق كۈيە پەرۋانىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش لازىم. (05)

# پىدىگەن ئۆستۈرۈش تېخنىكىسى

ئارزۇگۈل رېقىپ
(توقسۇن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838100)

**1. سورت تاللاش:** سورت تاللىغاندا ناقۇلاي شارائىتلارغا، كېسەللىككە چىدامىلىقى كۈچلۈك بولغان «بەش يوپۇرماقلىق پىدىگەن»، «ئالتە يوپۇرماقلىق پىدىگەن» ۋە «يۇمىلاق پىدىگەن» سورتلىرىدىن ئېھتىياجىغا قاراپ مۇۋاپىق كېلىدىغان سورتلارنى تاللاپ ئۆستۈرسە بولىدۇ.

2. تىكىشتىن بۇرۇنقى تەييارلىق: ① يەر تاللاش: پىدىگەننىڭ تۇپراققا ماسلىشىشچانلىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولۇپ، ھەر خىل تۇپراقلاردا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدۇ. تۇپرىقى بوش، ئورگانىك ماددا تەرىپى يۇقىرى، ھاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى ياخشى بولغان مۇنبەت تۇپراقلاردا ئۆستۈرسە ئەڭ ياخشى بولىدۇ؛ ② يەرگە ئىشلەش: پىدىگەن مايىسى تىكىلىدىغان ھەر مو يەرگە 2000 ــ 2500 كىلوگىرام تولۇق چىرىگەن ئورگانىك ئوغۇت، 10 ــ 15 كىلوگىرام فوسفورلۇق ئوغۇت، 4 ــ 5 كىلوگىرام كالىيلىق ئوغۇت بېرىپ، چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ ئوغۇتنى توپىغا تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ تەكشىلىگەندىن كېيىن، سورتلارغا قاراپ كەڭلىكىنى 60 ــ 80 سانتىمېتىر، ئېگىزلىكىنى 20 ــ 25 سانتىمېتىر قىلىپ جەنۇب شىمال يۆنىلىشىدە قىر سېلىپ سۇغىرىپ، يالتىراق يوپۇق يېپىپ، تۇپراق نەملىكىنى ساقلاش كېرەك.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش:** تەۋەيىمىزدە پىدىگەن مايىسى 10 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراق تېمپېراتۇرىسى مۇقىم 12℃ تىن ئاشقاندا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. يالتىراق يوپۇق يېپىلغان يەرلەرگە ئادەتتە 7 ــ 10 كۈن بۇرۇن مايىسا كۆچۈرۈپ تىكسە بولىدۇ. مايىسا تىككەندە تۈپ ئارىلىقىنى 38 ــ 40 سانتىمېتىر قىلىپ، 12 سانتىمېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئۇۋا ئېچىپ، قاندۇرۇپ سۇ قويۇپ، سۇ سىڭىپ بولغاندا، پىدىگەن مايىسىنى توپىسى بىلەن قوشۇپ تىكىش لازىم. تىككەندە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تىكىپ، ھەر مو يەردە 2500 ــ 2700 تۈپ مايىسا بولۇشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

**4. بەرۋىشى:** ① سۇغىرىش: پىدىگەننىڭ شاخلىرى كۆپ، تۈپى ئېگىز، يوپۇرماقلىرى چوڭ ھەم نېپىز بولۇپ، سۇغا كۆپ ئېھتىياج بولىدۇ، لېكىن قۇرغاقچىلىققا، زىيادە نەملىككە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، پىدىگەن مايىسىنى تىكىپ بولغاندىن كېيىن قاندۇرۇپ سۇغىرىپ، ئاندىن يەتتە كۈن مايىسا ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. پىدىگەننىڭ بىرىنچى مېۋىسى چۈشۈشتىن بۇرۇن سۇغىد-

رىش كونترول قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن تۇپراق ئەھۋالى، ھاۋا شارائىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم سۇغۇرسا بولىدۇ. ② ئوغۇتلاش: پىدىگەن مايسىسى كۆچۈرۈپ تىكىلگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 13 ـ 17 كۈندىن كېيىن چېچەكلەيدۇ. پىدىگەن چېچەكگەندىن تارتىپ ھوسۇل يىغىۋېلىنغىچە 22 ـ 27 كۈن ئەتراپىدا كېتىدۇ. پىدىگەننىڭ بىرىنچى مېۋىسى چۈشكەندىن كېيىن، سۇغىرىشقا بىرلەشتۈرۈپ ھەر مو يەرنى 9 ـ 12 كىلوگىرام ئورىيا، 10 كىلوگىرام كالىي سۇلفات بىلەن ئوغۇتلاش، كۆپ مېۋىلەش مەزگىلىدە ئازوت، فوسفور، كالىيلىق ئوغۇتلارنى مۇۋاپىق ئارىلاشتۇرۇپ بېرىش كېرەك؛ ③ قوشۇمچە ئوغۇتلاش: پىدىگەننى ئۆسۈپ يېتىلىشنىڭ مەزگىلدە ھەر 10 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم تېز ئۈنۈملۈك ئوغۇتلار بىلەن يوپۇرماقتىن پۈركۈپ ئوغۇتلاش كېرەك. ④ پۇتاش: پىدىگەننىڭ بىرىنچى مېۋىسى چۈشكەندىن كېيىن، مېۋە ئاستىدىكى شاخلارنى ئۈزۈۋېتىش لازىم. ئوتتۇرا، كېيىنكى مەزگىلدە قىرى، ئاجىز يوپۇرماقلارنى ئۈزۈۋېتىش، ئەگەر تۈپلەر بەك زىچ، باراقسان ئۆسۈپ كەتسە، قۇرۇق شاخ ۋە ئاجىز، ۋىجىك تۈپلەرنى يۇلۇۋېتىپ، ھاۋا، يورۇقلۇق شارائىتىنى ياخشىلاش لازىم. پىدىگەننى قوش شاخ قالدۇرۇپ پۇتاپ، ھەر بىر تۈپتە يەتتە تالدىن سۇ قالدۇرسا بولىدۇ. ⑤ چېچەك ـ مېۋە تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش: پەيدىگەننىڭ چېچەك ـ مېۋە تۆكۈلۈشى ۋە سوققىچاق مېۋە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چېچەكلەش مەزگىلىدە 2.4-D، تۇمانتوتون (番茄灵) قاتارلىق دورىلارنى چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئىشلىتىش لازىم.

**5. كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** پىدىگەنگە ساغىرىپ سولىشىش كېسىلى، پاختىلىشىش كېسىلى، قىزىل ئۆمۈچۈك قاتارلىقلار كۆپرەك زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈچۈن سورت تاللاشقا دىققەت قىلىش، مايسا تاللىغاندا كېسەللىك، ھاشارات زىيىنى كۆرۈلمىگەن، تىمەن مايسىلارنى تاللاش، كۆزىتىپ ئالدىن مەلۇمات بېرىشكە دىققەت قىلىش، كېسەللىك، ھاشارات زىيانداشلىقى بايقالغان ھامان بىيولوگىيەلىك، خىمىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنى مۇۋاپىق چېچىش لازىم.

**6. يىغىۋېلىش:** مەھسۇلاتنى ۋاقتىدا يىغىۋالمىسا پىدىگەننىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا بىرىنچى پىدىگەننى بالدۇرراق ئۈزۈش لازىم. پىدىگەننى گۈل كاسىسى بىلەن مېۋىنىڭ تۇتاشقان قىسمىدىكى چەمبەرسىمان سىزىق سۇسلىشىپ يوقىلىپ كەتكەن بولسا، دەرھال ئۈزۈش لازىم. (03)

# كېۋەزنى خىمىيەلىك كونترول قىلىش ئۇسۇلى

كېرەمجان راخمان، ئاينۇر مەمەت، رېشىدەم مەخمۇت، مەخلەشخان ئاقۋاي
(لوپنۇر ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 841500)

**1. خىمىيەلىك كونترول قىلىشنىڭ مېخانىكىلىق رولى:** ئادەتتە خىمىيەلىك تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشتا بوغۇم قىسقارتىش دورىسى (缩节胺) ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دورا ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ، بوغۇملارنى قىسقارتىپ، يوپۇرماقلارنىڭ رەڭگىنى قېنىقلاشتۇرۇپ، تۈپ شەكلىنى يىغىنچاق قىلىپ، باراقسان ئۆسۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، گۈلنى ساقلاپ، غوزا تۇتقۇزۇپ، مەھسۇلات ئاشۇرۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ.

**2. خىمىيەلىك كونترول قىلىشنىڭ پرىنسىپى:** ئوتتۇراھال، يۇقىرى ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا خىمىيەلىك كونترول قىلىشتا «بالدۇر، يېنىك، ئاز ـ ئازدىن» بولۇش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە چىڭ تۇتۇش، سۇغىرىش ۋە ئوغۇتلاشنى كونترول قىلىش پرىنسىپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئوزۇقلۇق ئۆسۈشتىن كۆپىيىپ ئۆسۈشكە ئۆزگىرىشنى مۇۋاپىق، ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەپ كۆڭۈلدىكىدەك تۈپ شەكلى ھاسىل قىلىش كېرەك.

**3. ئۈنۈملۈك تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشنىڭ نىشانى:** ئېرىشىدىغان تۈپ سانى 14 ـ 15 مىڭغىچە بولغان ئېتىزلاردا، ئۆسۈپ يېتىلىش ۋاقتى 130 ـ 140 كۈن بولغان چىلگە سورتلارنى تاللاپ تېرىش لازىم. كونترول قىلىشنىڭ ئومۇمىي نىشانى تۈپ ئېگىزلىكى: 70 ـ 75 سانتىمېتىر، زىچلىقى ھەر مو يەردە 15 مىڭ تۈپتىن يۇقىرى كېۋەز ئېتىزلىرىدا، ھەر مىڭ تۈپ كۆپەيگەندە تۈپ سانى ئۈچ سانتىمېتىر تۆۋەنلەيدۇ. زىچلىقى 14 مىڭ تۈپتىن يۇقىرى بولغان كېۋەز ئېتىزلىرىدا ھەر مىڭ تۈپ كۆپەيگەندە تۈپ سانى ئۈچ سانتىمېتىر يۇقىرىلاپ، مېۋە شېخىنىڭ سانى 9 ـ 10 تال بولىدۇ.

ئاساسىي غولدىكى بوغۇم ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى پەللە يوپۇرماقتىن باشلاپ غوزا شېخىنىڭ بوغۇم ئارىلىقى 3 ـ 4 سانتىمېتىر، 6 ـ، 7ـ بوغۇمىنىڭ ئارىلىقىنى 5 ـ 7 سانتىمېتىر، 9 ـ، 12 ـ بوغۇم ئارىلىقىنى 6 ـ 8 سانتىمېتىر، 12 ـ، 15 ـ بوغۇم ئارىلىقىنى 6 ـ 7 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كونترول قىلىش لازىم. ئاستى، ئوتتۇرىسى، ئۈستى قىسمىنىڭ غوزىلاش نىسبىتى 0.3:0.4:0.3 بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى خىمىيەلىك تەڭشەش ۋە كونترول قىلىشتا ئاساسىي غولنىڭ ھەرقايسى مەزگىلىدىكى تۈپ ئېگىزلىكى، غولنىڭ كۈندىلىك ئۆسۈش مىقدارى، ئۈچ قىسمىدىكى غوزا شېخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن دورا ئىشلىتىش مىقدارى، ۋاقتى، قېتىم سانىنى مۇۋاپىق كونترول قىلغاندا، كۆڭۈلدىكىدەك كېۋەز تۈپ شەكلىگە ئېرىشكىلى، شۇ ئارقىلىق پاختا مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

# پارنىكتا تەرخەمەك ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

گۈلبىرا ماناپ
(توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)
شەرىپە مەمەت
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

**1. سورت تاللاش:** پارنىكتا ئۆستۈرۈشكە ماس كېلىدىغان كېسەللىككە چىدامىلىق، دەسلەپكى مەزگىلدە تۆۋەن تېمپېراتۇرىغا، ئاجىز يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، مېۋىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، مېۋە ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدىغان، مېۋە سايىقى قىسقا، رەڭگى يېشىل، تىكىنى بولمىغان، مەھسۇلاتى يۇقىرى سورتلار تاللاش كېرەك.

**2. يەرگە ئىشلەش:** مايسا كۆچۈرۈپ تىكىشتىن ئاۋۋال يەرنى تەكشىلەپ، ھەر مو يەرگە 5000 كىلوگىرام چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇت، 50 كىلوگرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) چېچىپ، ئاغدۇرۇپ، تۇپراق دىزىنفېكسىيە قىلىپ قىر سېلىش كېرەك. مايسا تىكىشتىن بىر كۈن بۇرۇن كېسەللىك، زىيانداش ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۈچۈن، پارنىكنى ئىزوپروكارپ (异丙威) ئىسلاش دورىسى بىلەن ئىسلاش كېرەك.

**3. كۆچۈرۈپ تىكىش:** كەڭ، تار قىر سېلىپ مايسا كۆچۈرۈپ تىكىلىدۇ. ئادەتتە كەڭ قۇر ئارىلىقى 80 سانتىمېتىر، تار قۇر ئارىلىقى 40 سانتىمېتىر بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئاندىن كېيىن تېمىتىپ سۇغىرىش بەلبېغىنى قۇراشتۇرۇپ، يالتىراق يوپۇق يېپىپ، مايسا تاللاپ، تۈپ ئارىلىقىنى 25 ـ 30 سانتىمېتىر قىلىپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە كۆچۈرۈپ تىكىش كېرەك.

**4. پەرۋىشى:** ① تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش: مايسىنى تىكىپ 15 كۈنگىچە تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى يۇقىرى ساقلاپ، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنىڭ 15℃، ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۈندۈزى 22℃ ـ 25℃، كېچىسى 12℃ ـ 15℃ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پەلەكنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تېمپېراتۇرا يۇقىرىلاپ 30℃ تىن ئاشقاندا ھاۋا ئالماشتۇرۇش كېرەك. ② پەلەكنى ئېسىش: سولياۋ تانا بىلەن پەلەكنى ئاسقاندا، پەلەكنى تۆۋەنگە سىرىلدۇرۇپ تەڭشەشكە بولىدۇ. پەلەكنى ئاسقاندا قىرنىڭ ئۈستى تەرىپىگە، جەنۇبتىن شىمالغا قارىتىپ، بىر تال سىم تارتىپ، سولياۋ تانىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى سىمغا باغلاپ، ئاستى تەرىپىنى پەلەكنىڭ ئاستى چىگىش لازىم. ئاساسى پەلەكنىڭ ئېگىزلىكى پارنىكنىڭ ئېگىزلىكىگە يەتكەندە پەلەكنى تۆۋەنگە سىرىلدۇرۇش كېرەك. ③ مايسا تىكىپ

# پارنىك قوغۇننى چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى

مەمەت ئەخمەت   نۇرزىيەگۈل ماخمۇت
(توقسۇن ناھىيە ئىلانلىق يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 838100)

قوغۇننىڭ ئاتىلىق، ئانىلىق گۈلى بىر تۈپتە بولسىمۇ، چەتتىن چاڭلىنىشىدىغان بولغاچقا، پارنىكتا ئۆستۈرگەندە سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. قوغۇننى سۈنئىي چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئادەم كۈچى توپى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش، ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش، ھورمون (دورا) ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**1. ئادەم كۈچى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش:** بۇنىڭ سىلىنىمىسى كۆپرەك ۋاقىت قەرەلى قاتتىق بولۇپ، ئاتىلىق گۈلى ئېچىلىپ 3 ـ 4 سائەت ئىچىدە ئاتىلىق گۈلىنى ئۈزۈۋېلىپ، ئانىلىق گۈلىنىڭ ئانىلىق تۈمشۇقىغا سۈرۈش ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇلىدۇ.

**2. ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش:** پارنىك كۆلىمىگە

---

بولغانىدىن كېيىن، قاندۇرۇپ سۇغىرىش، مايسا ئەسلىگە كەلگەندىن باشلاپ، مېۋىلەش مەزگىلىگىچە سۇغارماسلىق لازىم. مېۋىلەش مەزگىلىگە كىرگەندە ھەر ويەرگە 10 ـ15 كىلوگىرام ئورىيا (尿素) غا 20 ـ 25 كىلوگىرام ئىككى ئاممونىيلىق فوسفات (磷酸二铵) نى ئارىلاشتۇرۇپ، ئىككى تۈپ ئارىسىغا ئورەك كولاپ كۆمۈپ بېرىپ سۇغىرىش لازىم. دەسلەپتىكى مەزگىلدە ھاۋا كىلىماتى ۋە تۇپراق نەملىكىگە قاراپ ھەر 7 ـ 10 كۈندە ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە ھەر 3 ـ 5 كۈندە بىر قېتىم سۇغىرىش كېرەك. ھەر ئىككى قېتىم سۇغىرىش ئارىلىقىدا بىر قېتىم كالىي دىھىدرو فوسفاتنى سۇيۇلدۇرۇپ يوپۇرماققا پۈركۈش ياكى بىرىكمە ئوغۇت، ئېقىتىپ بېرىلىدىغان ئوغۇتلار بىلەن ئوغۇتلاش كېرەك. ④ پەلەكنى رەتلەش: يورۇقلۇق، ھاۋادىن پايدىلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، يان شاخلارنى ۋاقتىدا ئۈزۈۋېتىش، پەلەك ئۆسۈپ پارنىكنىڭ يۈزىگە يەتكەندە تۈۋىدىكى قېرى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈۋېتىش، پەلەكنى 3 ـ 4 قېتىم تۆۋەنگە سىرىلدۇرۇش كېرەك.

**5. يىغىۋېلىش:** مېۋە تولۇق مېۋىنى پىشقاندا، ئەتىگەندە ئۈزسە سۇ مىقدارى كۆپ بولغاچقا سۈپىتى ياخشى بولىدۇ. (03)

ئاساسەن، پارنىكتىكى قوغۇننىڭ ئاتىلىق گۈلى پەيدا بولغاندىن باشلاپ، ھەسەل ھەرىسىنى 10 كۈن ئەتراپىدا قويۇپ بېرىپ چاڭلاشتۇرسا، ئۈنۈم-لۈك، تېجەشلىك چاڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا قوغۇننى چاڭلاشتۇ-رۇسا تەننەرخى نورمال، سۈپىتى ياخشى بولۇپ، بىر ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا قوغۇن ئىشلەپچىقىرىشتا تاۋارلىق سۈپىتىنى ۋە مەھسۇلاتنى يۇقىرى كۆ-تۈرۈشكە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**3. ھورمۇن ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش:** قوغۇننىڭ گۈلى ئېچىلغاندا، دۆلەت نۇرى مېۋە توختىتىش دورىسى (国光座果灵) نى 100 ھەسسە سۇيۇل-دۇرۇپ، بىر كىلوگىرام سۇيۇقلۇققا 50 گىرام ھاك سۈيى قوشۇپ، ئاتىلىق چېچەككە پۈركۈسە چاڭلاشتۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

پارنىك يېپىق ھالەتتە بولۇپ، ھاشارات ۋە شامال ئارقىلىق چاڭلىنىشى ناچار بولغاچقا، سۈنئىي چاڭلاشتۇرمىسا قوغۇن ئىلگىرى - كېيىن پى-شىپ، مېۋە سۈپىتى ناچار، تاۋارلىق نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. سۈن-ئىي چاڭلاشتۇرغاندا قوغۇننىڭ چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى، تورلىنىشى ياخشى بولۇپ، مەركەزلىك پىشىپ، تاۋارلىق نىسبىتى يۇقىرىلاپ، ئىقتى-سادىي كىرىمى ئاشىدۇ. لېكىن ئۈچ خىل چاڭلاشتۇرۇش ئۇسۇلىنى سې-لىشتۇرۇش تەجرىبىنى ئىشلىگەندىن كېيىن، ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇشنىڭ تەننەرخى ئادەم كۈچى بىلەن چاڭلاشتۇرغانغا قارىغاندا تۆۋەن، مەھسۇلاتى يۇقىرى، تورى چىرايلىق، تەكشى، چوڭ - كىچىكلىكى تەكشى، غەيرى مېۋە نىسبىتى باشقا ئىككى خىل چاڭلاشتۇرۇشقا قارىغاندا تۆۋەن، مېۋىلەش نىسبىتى 100% بولۇپ، ئىقتىسادىي كىرىمى باشقا ئىك-كى خىل چاڭلاشتۇرۇشقا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ئاشتى. دورا ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇشتا مەشغۇلات ئاسان بولغان بىلەن غەيرى مېۋە نىسبىتى يۇ-قىرى بولۇپ، ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرغانغا قارىغاندا كىرىمى تۆۋەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا پارنىكتا قوغۇننى چاڭلاشتۇرۇشتا ھەسەل ھەرىسى ئارقىلىق چاڭلاشتۇرۇش تەۋسىيە قىلىنىدۇ. (03)

# زىرائەتلەردە ئوزۇقلۇق كەملىكنى ھۆكۈم قىلىش ئۇسۇلى

تۇنساخان
(بورتالا شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 833400)

**1. ئازوت كەملىك ئالامىتى:** يېڭى شاخلىرى ئىنچىكە، قىسقا، يوپۇرمىقى كىچىك، تىك، رەڭگى كۆلرەڭ يېشىل بولۇپ، يوپۇرماق ساپىقى، تومۇرى ۋە پوستلاق قەۋىتى قىزىرىدۇ؛ چېچەكلىرى ئاز، مېۋىسى كىچىك بولىدۇ، بالدۇر پىشىپ، ئۇۋاي تۆكۈلىدۇ؛ ئۇششاق يىلتىزلىرى كۆپ، چوڭ يىلتىزلىرى ئاز، يېڭى چىققان يىلتىزلىرى سېرىق، زىياندىش ھاشارات ۋە قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىقى ئاجىز بولىدۇ، مەسىلەن، كانىماش (دادۇر) نىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە ئازوت كەمچىل بولسا، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلاردىن باشلاپ رەڭگى سۇسلىشىپ، سۇس يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا سارغىيىپ قۇرۇيدۇ، بەزىدە كۆكۈش داغلار پەيدا بولىدۇ، ئېغىر بولغاندا ئۆسۈشتىن توختاپ، يوپۇرماقلىرى ئاستا ـ ئاستا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**2. فوسفور كەملىك ئالامىتى:** زىرائەتلەرنىڭ دەسلەپكى ئۆسۈش مەزگىلىدە فوسفور يېتىشمەسلىك ئالامەتلىرى ئانچە روشەن بولمايدۇ. ئەمما ئۆسۈشنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە فوسفور كەملىك ئازوتنىڭ ئۈنۈملۈك توپلىنىشى ۋە ئاقسىلنىڭ بىرىكىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئوخشىمىغان زىرائەتلەردىكى فوسفور كەملىكنىڭ ئالامەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، مەسىلەن: (1) بۇغدايدىكى ئالامىتى: مايسىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، يىلتىز سىستېمىسى ياخشى تەرەققىي قىلمايدۇ. ئاز تۇپلىنىدۇ، غولىنىڭ تۆۋەن بىنەپشە، يوپۇرمىقى قارامتۇل يېشىل، سەل سۇسۇن ئارىلاش بولىدۇ، باشقى كىچىك، دېنى ئاز بولۇپ، مىڭدان ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. (2) كۆممىقوناقتىكى ئالامىتى: مايسا مەزگىلىدە ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، بەش

تال يوپۇرماق چىقارغاندا فوسفور كەملىك ئالامىتى نىسبەتەن كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى قىزغۇچ بىنەپشە، بېشى قىسقا ھەم كىچىك، ئەگرى ـ بۈگرى، ئالامەدەك بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ دېنى تولمايدۇ. (3) كانىماشتىكى ئالامىتى: يوپۇرمىقى توق يېشىل ياكى قارامتۇل يېشىل، كىچىك، ئۇچلۇق، تار، يۇقىرىغا قاراپ تىك ئۆسىدۇ، تۈپىنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، ئېغىر بولغاندا غولى قىزىل رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، چېچەكلىگەندىن كېيىن فوسفۇر كەمچىل بولسا، يوپۇرمىقىدا قوڭۇر داغلار پەيدا بولىدۇ. (4) مېۋىلىك دەرەختىكى ئالامىتى: ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، يوپۇرماقلىرى شالاڭلىشىدۇ، يوپۇرمىقى ساغۇچ قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ، بالدۇر تۆكۈلىدۇ، مېۋىنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىدۇ.

**3. كالىي كەملىك ئالامىتى:** ئوخشمىغان زىرائەتلەردىكى كالىي كەملىكىنىڭ ئالامىتى ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن: (1) ئادەتتە زىرائەتلەرنىڭ ئاستى قىسمىدىكى يوپۇرماقلارنىڭ ئۇچى سارغىيىدۇ، يان يوپۇرماقلىرىنىڭ گىرۋەكلىرىمۇ سارغىيىدۇ، يوپۇرماق تومۇرىنىڭ يېنى ۋە يوپۇرماق تومۇرى يەنىلا يېشىل تۇرىدۇ. ئېغىر بولغاندا كۆپىنچە يوپۇرماقلار سارغىيىپ، يوپۇرماق گىرۋىكى ئوتقاشتەك قىزىرىدۇ. (2) دانلىق زىرائەتلەردە تۈپلىنىشى ئاجىز بولۇش، غولى ئەۋرىشىم،ئاسان يېتىپ كېتىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. (3) قوش پەللىك ئۆسۈملۈكلەردە يوپۇرمىقى ئەگرى ـ بۈگرى بولۇش، بەزىدە يوپۇرماق كەمتۈك بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئەمما يوپۇرماقنىڭ ئوتتۇرسى يەنىلا يېشىل بولىدۇ، (4) تۈگۈنەك يىلتىزلىق زىرائەتلەرنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ، مەھسۇلاتى تۆۋەنلەيدۇ. مېۋە پىشىش مەزگىلى بىردەك بولمايدۇ، مېۋە ئېتى تالالىشىپ، قىرتاق، تەمسىز بولۇپ قالىدۇ. (05)

# خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرىغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى

ئايزىمگۈل يۇسۇپ
(ئۇنسۇ ناھىيە ئۇنسۇ بازارلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

خىمىيەۋى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە ھەم زىرائەتلەرنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىگىلى ھەم كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنى تىزگىنلىگىلى، ئوت ـ چۆپلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

1. دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى خىمىيەۋى ئوغۇت ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن، دورىنىڭ سۈمۈرۈلۈشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

2. ئوغۇت ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: پروپازىن (扑草净) نى ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئازوتلۇق ئوغۇتنىڭ ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

3. ئىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. چىلگە شالنى تۇنجى قېتىم ئازوتلۇق ئوغۇت بىلەن قوشۇمچە ئوغۇتلىغاندا ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىسى ئارىلاشتۇرۇۋەتسە، ئوغۇت بىلەن تەمىنلىگىلى ھەم ئوت ـ چۆپ يوقاتقىلى بولىدۇ. گەرچە ئوغۇت بىلەن دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشنىڭ نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلىرى بولسىمۇ، بىراق ھەممىلا ئوغۇتنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولۇش ـ بولماسلىقتا مۇنداق ئىككى خىل پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك: (1) ئاممونىي ھالەتتىكى ئازوتلۇق ئوغۇتلار ياكى سۇدا ئېرىيدىغان فوسفورلۇق ئوغۇتلارنى بوردو سۈيۇقلۇقى قاتارلىق ئىشقارلىق دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بولمىسا ئوغۇتنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. (2) ئادەتتە تاللاشچانلىقى يۇقىرى بولغان ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىنى خىمىيەۋى ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەندە، ئوت ـ چۆپ يوقىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ئوغۇتلارنى دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. مالاتىئون (马拉硫磷) ھەمدە مانكوزېب (甲霜锰锌) قاتارلىقلارنى ئورېيا، ماگنىي سۇلفات، ئاممونىي سۇلفات قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ ئوت ـ چۆپ يوقىتىش دورىلىرىدىن خېلون (禾草灵) نوڭدېشى (农得时) قاتارلىقلارنى ئورېيا ياكى بىرىكمە ئوغۇتلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ؛ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تەڭشىگۈچى دورىلاردىن گىببېرىللىن (赤霉素) نى ئورېيا، كالىي ھىدرو فوسفات، بور ئوغۇتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. (05)

# تاۋۇزنى نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

گۈلنىسا قادىر     گۈلزار نۇرمەمەت
(يەكەن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 844700)

تاۋۇزنىڭ سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى يۇقىرى بولىدۇ. ھېسابلاشقا قارىغاندا ھەر 1000 كىلوگىرام تاۋۇز ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن بەش كىلوگىرام ئازوت، ئىككى كىلوگىرام فوسفور، بەش كىلوگىرام كالىيغا ئېھتىياج بولىدۇ. ئەگەر ئۇنۇمدارلىقى ئوتتۇراھال تۇپراقلارغا تاۋۇز تېرىپ 3000 كىلوگىرام ھوسۇلغا ئېرىشمەكچى بولسا، 15 كىلوگىرام ئازوت، ئالتە كىلوگىرام فوسفور، 15 كىلوگىرام كالىيغا ئېھتىياج بولىدۇ. (1) ئاساسى ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش: ھەر موغا ئەلا سۈپەتلىك ئورگانىك ئوغۇتتىن 2000 كىلوگىرام، كۈنجۈرىدىن 75 ـ 100 كىلوگىرامغا تاۋۇز مەخسۇس ئوغۇتىدىن 50 كىلوگىرام ياكى كالىي سۇلفات تۈرىدىكى بىرىكمە ئوغۇتتىن 50 كىلوگىرامنى ماسلاشتۇرۇپ بەرسە بولىدۇ. ئەگەر بىرىكمە ئوغۇت بولمىسا ئورىيادىن 10 كىلوگىرام، كالتسىي سۇپېر فوسفات (过磷酸钙) تىن 30 كىلوگىرام، كالىي سۇلفات (硫酸钙) تىن 10 كىلوگىرام بەرسىمۇ بولىدۇ. ئورگانىك ئوغۇت، كۈنجۈرىنى يەرگە قەۋەتلەرگە بۆلۈپ بەرسە ياكى پۈتۈن قەۋەتكە بەرسە بولىدۇ. خىمىيەۋى ئوغۇتنى يەرنى تاختىلاپ بولغاندىن كېيىن، مايسا كۆچۈرۈپ تىككەندە ئاز مىقداردىكى ئورگانىك ئوغۇت بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ، چۆنەك ئېچىپ قۇرلاپ ياكى ئۆۋىلاپ بەرسە بولىدۇ. (2) سويمىنى چوڭايتىش ئوغۇتى: سويمىنى چوڭايتىش ئوغۇتىنى بەرگەندە بالدۇر مېۋىلەپ، مېۋىسى تېز يوغىنايدۇ. لېكىن تۇپراق ئۇنۇمدارلىقى ۋە مايسىنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق قوشۇمچە ئوغۇت بېرىش كېرەك. ئادەتتە سويملاش مەزگىلىدە تاۋۇز يوغىناپ 0.25 كىلوگىرام بولغاندا، ھەر مو يەرگە 4 ـ5 كىلوگىرام ئورىيانى قوشۇمچە ئوغۇت قىلىپ بەرسە بولىدۇ. (3) يوپۇرماق ئوغۇتى: تاۋۇز كۆپىيىپ ئۆسۈش مەزگىلىگە كىرگەندە فوسفور، كالىيغا بولغان ئېھتىياجى ئاشىدۇ. ھەر مو يەرگە 0.2% ـ 0.5% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (硫酸二氢钾) قا 0.1% لىك بور ئوغۇتى (硼肥)، 0.5% لىك تۆمۈر سۇلفىت (硫酸亚铁) قاتارلىق مىكرو ئېلېمېنتلىق ئوغۇت ئېرىتمىسىنى يوپۇرماققا پۈركۈسە، بالدۇر زەئىپلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، كېسەلگە چىداملىقىنى كۈچەيتىپ، تاۋۇزنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ. (05)

# كۆكتاتلارغا يوپۇرماق ئوغۇتىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۇسۇلى

ئابدۇرېھىم نىزامىدىن
(يېڭىسار ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 844500)

رايونىمىزدىكى كۆكتاتلار ئىستېمال قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار، يىلتىز ۋە غولى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار، مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. شۇڭلاشقا ھەر خىل تۈردىكى كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرماق ئوغۇتىنى مۇۋاپىق تاللاپ ئىشلەتكەندىلا سۈپەتلىك ۋە يۇقىرى مەھسۇلاتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**1. مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار:** پىدىگەن، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلارنىڭ ئازوت، فوسفور، كالىي ۋە مىكرو ئېلېمېنتلارغا بولغان ئېھتىياجى بىرقەدەر تەكشى بولىدۇ. يەنى مايسا مەزگىلىدە ئازوتقا بولغان ئېھتىياجى فوسفور ۋە كالىيغا قارىغاندا يۇقىرى، چېچەكلەش مەزگىلىدە ئۈچ ئېلېمېنتنىڭ ھەممىسىگە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. مېۋىلەش مەزگىلىدە فوسفور ۋە كالىيغا بولغان ئېھتىياجى ئازوتتىن يۇقىرى بولىدۇ. مايسا ۋە چېچەكلەش مەزگىلىدە ئازوتلۇق ئوغۇت يېتەرلىك بولمىسا بالدۇر زەئىپلىشىش، مېۋىسى كىچىك بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، ئەگەر ئازوتلۇق ئوغۇت كۆپ بولۇپ كەتسە ئاسانلا شاخلاش، غۇنچىلىرى تۆكۈلۈش ۋە كېيىن پىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارنى يوپۇرماقتىن ئوغۇتلىغاندا، مايسا مەزگىلىدە 1% ـ 2% لىك ئورېيا (尿素) ئېرىتمىسىنى 3000 ھەسسىلىك «802» ئېرىتمىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەكشى پۈركۈپ، كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. چېچەكلەش مەزگىلىدە 1% ـ 2% لىك ئورېيا ئېرىتمىسىگە 0.1% ـ 0.3% لىك سىنك سۇلفات (磷酸锌) نى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك. مېۋىلەش مەزگىلىدە 1% ـ 2% لىك ئورېيا ئېرىتمىسىنى ياكى 0.2% ـ 0.3% لىك كالىي دى ھىدرو

فوسفات (磷酸二氢钾) ئېرىتمىسىنى 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش ئارقىلىق، چېچەك ۋە مېۋىلەرنىڭ تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئې-لىش كېرەك.

**2. يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار:** يېسىۋىلەك، پالەك تۈردىكى كۆكتاتلارنىڭ سۇ ۋە ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى بىرقەدەر كۈچلۈك، ئاساسلىقى تېز ئېرىشچان ئازوتقا بولغان ئېھتىياجى ئەڭ كۈچ-لۈك بولىدۇ. بۇ كۆكتاتلاردا ئازوت ئېلېمېنتى كەمچىل بولسا يوپۇرماقلى-رى سارغىيىپ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ئاستىلاپ، مەھسۇلات مىقدارى تۆۋەنلەي-دۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل كۆكتاتلارغا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بەر-گەندىن سىرت، مايسا مەزگىلىنىڭ ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە 1% ـ 2% لىك ئورىيا ئېرىتمىسىنى ھەر 7 ـ 10 كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا 2 ـ 4 قېتىم تەكشى پۈركۈپ، يېڭى يوپۇرماقلارنىڭ چىقىشىنى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تېزلىتىش لازىم.

**3. يىلتىز ۋە غولى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلار:** بۇ تۈردى-كى كۆكتاتلارنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا كالىي ۋە فوسفورغا بولغان ئېھتىياجى ئازوتتىن يۇقىرى بولىدۇ. ئاساسلىقى ئوتتۇرا ۋە كې-يىنكى مەزگىلدە كالىيلىق ئوغۇتقا بولغان ئېھتىياجى ئازوتتىن يۇقىرى بولىدۇ. ئاساسلىقى ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلدە كالىيلىق ئوغۇتقا بول-غان ئېھتىياجى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر كالىيلىق ئوغۇت يېتىشمىسە يوپۇرماقتىن كەلگەن ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارنىڭ غول ۋە يىلتىزغا توشۇ-لۇشى ئاز ۋە ئاستا بولۇپ، كۆكتات تۈپلىرىدە بالدۇر زەئىپلىشىش ۋە يو-پۇرماقلارنىڭ قۇرۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل كۆكتاتلارغا مايسا مەزگىلىدە ئاز مىقداردا ئازوتلۇق ئوغۇت بەرگەندىن سىرت، ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى مەزگىلىدە كالىيلىق ۋە فوسفورلۇق ئوغۇتلار-نى مۇۋاپىق بېرىش كېرەك. يەنى 1% ـ 2% لىك كالىي دى ھىدرو فوس-فات، 0.1% ـ 0.25% لىك بوراكس (硼砂)، 1% لىك كالىيلىق ئوغۇت قاتارلىقلارنى مۇۋاپىق سۇدا ئېرىتىپ، كۆكتات تۈپلىرىگە ھەر يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن 2 ـ 3 قېتىم تەكشى پۈركۈش كېرەك. (05)

# شور چايقاپ تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلى

نۇرۇنگۇل باقى
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

تۇپراق تەركىبىدە سۇدا ئېرىيدىغان تۇز ياكى شور بەك كۆپ بولسا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. شورلۇق تۇپراقنى ياخشىلاشتا، زىرائەتنى مۇۋاپىق سۇغىرىش، زەي سۇنى چىقىرىۋېتىش، شور چايقاش ۋە خىمىيەلىك ئوغۇتلارنى ئىشلىتىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇللار بىلەن ياخشىلانغان شورلۇق تۇپراقتا بىر مەزگىل تېرىقچىلىق قىلىپ پايدىلانغاندىن كېيىن، يەرلەرنى سۇغىرىش، سۇ چىقىرىۋېتىش، ئاغدۇرۇش ۋە تېرىشنىڭ مۇۋاپىق بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، يەرنىڭ شورلىشىش دەرىجىسى ئېغىرلىشىپ، قايتا شورلىشىپ، زىرائەتلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىدۇ.

تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىشنىڭ تۈپ ئاساسى ـ يەر ئاستى سۈيىنىڭ كۆپىيىش يولىنى زور دەرىجىدە ئازايتىش، يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئۆرلەپ كېتىش يولىنى ھەل قىلىش، يەر ئاستى سۇ ئورنىنى ئاخىرقى چەكتىن پەسەيتىۋېتىپ، تۇپراقتىكى سۇ بىلەن تۇزنىڭ نىسبىتىنى تىزگىنلەش، تۇز ئۆرلەشنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان 3 ـ، 4 ـ ئاي ۋە 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا تۇز بىلەن سۇنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى ياخشى ئېنىقلاپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، قايتا شورلىشىشتىن ساقلىنىش كېرەك. سۇ ئىشلىرى جەھەتتىن تۇپراقنىڭ قايتا شورلىشىپ كېتىشىنى ياخشىلاش ئۇسۇلى بولغان شور چايقاش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. يەرگە سۇ قويۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق، تۇپراق تەركىبىدىكى شورنى يۇيۇپ، زەيكەش ئارقىلىق سۇغىرىش رايونىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىش كېرەك. شور چايقاش ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشى شور چايقاش مەزگىلى، نورمىسى ۋە چايقاش تېخنىكىسى قاتارلىق ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**1. شور چايقاش ئۆلچىمى:** زىرائەتلەرنىڭ شورغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق يىلتىز سىستېمىسىنىڭ تارىلىش چوڭقۇر-

لۇقىغا، جۇملىدىن تۇپراقتا بولۇشقا تېگىشلىك تۇز مىقدارى، تۇپراقنىڭ تۇزدىن ئاجرىلىش دەرىجىسىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بۇلار بېكىتىلگەندىن كېيىن تۇپراقتىكى ئەسلىي بار بولغان شور مىقدارى ۋە شور چايقاش ئۆلچىمىگە ئاساسەن شور چايقاش نورمىسى بېكىتىلىدۇ. لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشتىن سىرت كۆرۈپ بىلىش، تېتىپ بېقىش ۋە تۇتۇپ بېقىش قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئارقىلىق، شور چايقاش ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ ئىگىلىگىلى بولىدۇ. يەنى ئۆرلەپ چىققان سۇنىڭ رەڭگى ساغۇچ بولمىسا ياكى يەر ئۈستىدە كۆك مۇخلار كۆرۈلسە، تۇپراقنىڭ تەمى تۇزلۇق بولمىسا، توپىنى تۇتسا قولغا يېپىشىۋالمىسا شورنىڭ ياخشى چايقالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**2. شور چايقاش نورمىسى:** تۇپراق تەركىبىدىكى ئارتۇق شورنى يۇيۇپ چايقاش ئۆلچىمىگە كېتىدىغان سۇ مىقدارى شور چايقاش نورمىسى بولۇپ، تۇپراقتىكى تۇز مىقدارى يۇقىرى بولسا، شور چايقاش نورمىسى كۆپرەك بولىدۇ، تۇپراقتىكى تۇز مىقدارى 1% ـ 8%، ئادەتتە ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 1% ـ 2% بولغاندا ھەر موغا تۇپراقنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن 200 ـ 450 كۇب مېتىر سۇ قويسا بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغان 6% ـ 8% ئەھۋالدا 700 ـ 1400 كۇب مېتىر سۇ قويۇلىدۇ.

**3. شور چايقاش تېخنىكىسى:** شور چايقاش مەزگىلىنى تاللاش، شور چايقاشتىن ئىلگىرى ئىشلىنىدىغان تەييارلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، شور چايقاش ئۇسۇلى ۋە چايقالغاندىن كېيىن تۇپراق پەرۋىشىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. يەنى شورلىشىش يۇقىرى پەللىگە چىقىدىغان ئايدىن كېيىنكى ئاينى تاللاپ، يەرنى تۇزلەپ ئاغدۇرۇپ، زەيكەشلىك چېپىپ، سۇغىرىش چوڭقۇرلىقىنى 15 ـ 20 سانتىمېتىردا تىزگىنلەپ، ئالدىنقى مەزگىلدە 1 ـ 2 كۈن ئارىلاپ، كېيىنكى مەزگىلدە 3 ـ 4 كۈن ئارىلاپ شور چايقاش ئارقىلىق، تۇپراق تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشى ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ تۆۋەنلىشىگە شارائىت يارىتىش كېرەك. ياخشىلانغان تۇپراقنى مۇۋاپىق سۇغىرىپ، تۇپراقتا يېتەرلىك ھاۋا ھەم نەملىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغاندا، زىرائەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، يەر ئاستى سۇ ئورنىنىڭ ئۆرلەپ كەتمەيدىغان، قايتا شورلىشىپ كەتمەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. (05)

# پارنىك كۆكتاتلىرىنى ئىلمىي ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

روشەنگۈل ھاجى
(قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەلىك باغۋەنچىلىك تەرەققىيات مەركىزىدىن 844100)

پارنىك ئىشلەپچىقىرىشى بىر خىل ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولۇپ، ئوچۇقچىلىقتا ئىشلەپچىقىرىشقا مۇمكىن بولمايدىغان مەزگىلدە پارنىك ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. شۇڭا مۇھىت تەسىرى تۈپەيلىدىن ئوغۇتلاش، سۇغىرىش قاتارلىق نۇرغۇن پەرۋىش تەدبىرلىرىنى پارنىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسىي ئوغۇتقا ئېتىبارسىز قارىلىپ، قوشۇمچە ئوغۇتلاش ئاساس قىلىنسا، كۆكتاتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە چېچەكلەپ مېۋىلىشى زور دەرىجىدە تەسىرگە ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پارنىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش، ئاساسىي ئوغۇت ئومۇمىي ئوغۇتلاش مىقدارىنىڭ 70% ـ 80% نى ئىگىلەيدىغان قىلىش، مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئىشلىتىشتىن 1 ـ 2 ئاي بۇرۇن دۆملەپ تولۇق چىرىتىپ ئاندىن ئىشلىتىش، مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئوسا سۇيىدىن بۇرۇن، خىمىيەلىك ئوغۇتنى يەرنى ئاغدۇرۇشتىن بۇرۇن ئىشلىتىش لازىم.

ئوغۇتلاش مىقدارى كۆكتات تۈرى، سۇ ۋە ئېتىزغا قاراپ ئوخشاش بولمايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا مۇتلەق كۆپ قىسىم كۆكتاتلارغا كۈزلۈك، قىشلىق ئېتىزنىڭ ھەر موسىغا مەھەللىۋى ئوغۇت 500 ـ 600 كىلوگىرام، خىمىيەلىك بىرىكمە ئوغۇت (复合肥) 50 ـ 60 كىلوگىرام، قىش، ئەتىيازلىق ۋە باش ئەتىيازلىق ئېتىزنىڭ ھەر موسىغا مەھەللىۋى ئوغۇت 8000 ـ 10000 كىلوگىرام، خىمىيەلىك بىرىكمە ئوغۇت 80 ـ 100 كىلوگىرام ئىشلىتىلسە مۇۋاپىق بولىدۇ. (05)

# تۇپراقنى نىسبەتلەشتۈرۈپ ئوغۇتلاش ئۇسۇلى

مەمتىمىن ئابدۇغېنى
(قاراقاش ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 848100)

1. تۇپراقنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىپ، شۇ پەسىل، شۇ زىرائەتنىڭ پىلانىدىكى مەھسۇلاتىغا كېتىدىغان ئوزۇقلۇق ئېلېمېنت مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىپ، شۇ نەتىجىگە ئاساسەن ئىشلەتمەكچى بولغان ئوغۇتنىڭ مىقدارىنى تولۇقلاش كېرەك.

2. تۇپراق تەركىبىنى ئېنىقلاپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاشتا، تەركىبىنى ئېنىقلاش، ئوغۇت رېتسېپىنى تەڭشەش، تەمىنلەش، نەق مەيداندا يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت بەش ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىق دەرىجىسىگە ئاساسەن مەھسۇلات پىلانىنى بېكىتىپ، ئازوت، فوسفور، كالىي ئېلېمېنتلىرىنىڭ مىقدارىنى تەڭشەپ، قاراتمىلىق ھالدا باشقا مىكرو مىقدارلىق ئوغۇتلارنى تەڭشەپ، ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم.

3. تۇپراق تەركىبىنى ئېنىقلاپ نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ تېخنىكىنى كېڭەيتىشتە تېخنىك خادىملار دېھقان - چارۋىچىلارغا ئىلمىي ئۇسۇلدا يېتەكچىلىك قىلىپ، بۇ تېخنىكىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ھەقىقىي قوللىنىپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

4. تۇپراق تەركىبىنى ئېنىقلاپ، نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاشتا دىققەت قىلىدىغان ئىشلار: (1) تۇپراق ئەۋرىشكىسى ئۆلچەملىك ئېلىنىشى ۋە ئېنىقلاش باسقۇچى دۆلەت بەلگىلىگەن ئۆلچەم بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك؛ (2) ئېنىقلاپ چىققان نەتىجىسىگە ئاساسەن تەڭشەلگەن نىسبەت زىرائەتنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، مەھسۇلات سۈپىتىنىمۇ ئۆستۈرۈشى كېرەك؛ (3) نىسبەت بويىچە ئوغۇتلاشتا تەبىئىي ئامىللار بىلەن ئىقتىسادىي ئامىللارنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك؛ (4) نىسبەتلەشتۈرۈپ ئوغۇتلانغان ئېتىزنى تېرىشتا، سۈپەتلىك ئورۇق تاللاش، مۇۋاپىق سۇغىرىش، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېتىز - ئېرىق پەرۋىشىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇش لازىم. (5) ئاساسىي ئوغۇتنى يېتەرلىك بېرىش شەرتى ئاستىدا، تۇپراق ئانالىز نەتىجىسىگە ئاساسەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك. (05)

# بېھى مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈش سەۋەبلىرى ۋە ئالدىنى ئېلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلار

نىساگۇل ئەمەت
(قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيە ياندۇما يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 844200)

بېھى مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، چېچەكنىڭ چاڭلىنىشى مۇكەممەل بولماسلىق، بوران كۆپ چىقىش، نەملىك كۆپ بولۇش، پەرۋىشى ياخشى بولماسلىق ۋە مېغىز قۇرتى قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، نۆۋەتتە بېھى مېۋىسىنىڭ تاۋارلىق سۈپىتى تۆۋەن، ساقلاشقا چىدامسىز بولۇش مەسىلىسى ئېغىر، ئىقتىسادىي قىممىتى تۆۋەن بولماقتا. ئادەتتە بېھى مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ئازايتىپ، تاۋارلىق سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك.

1. يېتەرلىك ئوغۇتلاش لازىم. بېھى مېۋىسىگە ئەڭ پايدىلىق خىمىيەۋى ئوغۇتلار ئاممونىي كاربونات (碳酸铵)، ئاممونىي فوسفات (磷酸铵) ۋە كالىي سۇلفات (硫酸钾) بولۇپ، مېۋىلەش مەزگىلىدىكى ھەربىر تۈپ دەرەخكە 15 ـ 20 كىلوگىرامنى ھەر قېتىملىق سۇيىغا بىرلەشتۈرۈپ بەرسە ئوزۇقلۇققا ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. ئادەتتە تولۇق چىرىگەن مەھەللىۋى ئوغۇتتىن ھەر تۈپكە 15 ـ 20 كىلوگىرامنى دەرەخ تاجىسىنىڭ ئۇدۇلىدىن نۇرسىمان ئورەك كولاپ بېرىپ، ئۈستىنى توپا بىلەن كۆمۈش كېرەك.

2. يوپۇرماق ئوغۇتى بېرىش كېرەك. بېھى مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە 0.3% لىك كالىي دى ھىدرو فوسفات (磷酸二氢钾)، 1% لىك ئاممونىي كاربونات ئېرىتمىسىنى ھەر 7 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم چېچىش كېرەك؛ ئۇندىن باشقا 15 ـ 20 كىلوگىرام سۇغا 500 ـ 1000 گىرام يېڭى كالا سۈتى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر 7 ـ 15 كۈندە بىر قېتىم چېچىش، ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولغان مەگىللەردە بور ئوغۇتى (硼肥) نى چېچىش كېرەك.

3. سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. ئادەتتە مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەش مەزگىلىدە سۇغىرىلسا ياكى شۇ مەزگىلدە ھۆل ـ يېغىن كۆپ بولسا چېچەك، مېۋىسىنىڭ تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا مېۋە

ئورگانلىرى بىخلىنىشتىن بۇرۇن ئوغۇتلاشقا بىرلەشتۈرۈپ سۇغىرىش، سۇغىرىشتىن بۇرۇن بىھى دەرىخىنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەپ، دەرەخ قوۋزىقىغا سۇ تېگىشتىن ساقلىنىش لازىم. ئادەتتە بىھى دەرىخىنى توڭ ئېرىگەندە بىر قېتىم، چېچەك - مېۋە ئورگانلىرى يېتىلىش مەزگىلىدە بىر قېتىم، غورىسى يوغىناش مەزگىلىدە بىرقېتىم، مېۋىسى يوغىناش مەزگىلىدە بىر قېتىم، مېۋىسى كۆك ھالەتتىن سېرىق ھالەتكە ئۆتكەندە ئەڭ ئاخىرقى سۇيى بېرىلىدۇ، بولمىسا ساقلاشقا چىدامسىز بولۇپ ئاسانلا سېسىپ كېتىدۇ.

4. مېغىز قۇرتى قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش كېرەك. ئادەتتە چېچەكلەش مەزگىلى، غورىلاش مەزگىلىدە يۇقىرى قويۇقلۇقتا تەڭشەلگەن د د ۋ، روگور (乐果) قاتارلىق دورىلارنى پاختىغا چىلاپ، بوتۇلكىغا قاچىلاپ بىھى شاخلىرىغا ئېسىپ قويغاندا، مېغىز قۇرتى پەرۋانىسىنىڭ تۇخۇم سېلىشى ئازلايدۇ. ئۇندىن باشقا ئاۋىيمىتسۇن (阿维菌素)، كارات (功夫) قاتارلىق دورىلارنى چېچەكلەپ مېۋىلەش مەزگىلىدە، غورا مەزگىلىدە 1 ـ 2 قېتىم يوپۇرماقتىن پۈركۈش كېرەك.

5. مۇۋاپىق چاتاش كېرەك. يازلىق چاتاشتا كۈچلۈك ئۆسكەن، ئىچىگە، ئاجىز ئۆسكەن يېڭى شاخلارنى چاتنىۋېتىش، يان شاخلارنىڭ گىرادۇسىنى چوڭايتىپ، يورۇقلۇق، ھاۋا شارائىتىنى ياخشىلاش، تاش ياكى توپا خالتىسى ئېسىش ئارقىلىق يان شاخلارنى ئېگىش كېرەك.

6. مۇۋاپىق ۋاقىتتا يىغىۋېلىش لازىم: بىھى مېۋىسى سېرىق رەڭگە كىرگەندىن كېيىن، مېۋە ۋە مېۋە شاخلىرىنى زەخىملەندۈرمەستىن، قول بىلەن ئاۋايلاپ ئۈزۈش لازىم. ئادەتتىكى ساقلاش ئورۇنلىرىنىڭ نەملىكىگە دىققەت قىلىپ، ئۆي ئىچىدە قۇمدا ساقلاش كېرەك. بۇنداق قىلغاندا نەملىك سەۋەبىدىن سېسىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، توڭلىتىش ئىسكىلاتلىرىدا ساقلىغاندا تېمپېراتۇرا ۋە نەملىكنى قاتتىق كونترول قىلىش لازىم. (05)

# ئۇلاقچىلىقتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە ئۇلاقنىڭ كېيىنكى بەرۋىشى

قەلەمخان ماناپ
(توقسۇن ناھىيە غولبويى يېزىلىق ئورمانچىلىق پونكىتىدىن 838100)

1. ئۇلىنىدىغان كۆچەت ياكى دەرەخلەرگە كۆزلۈك توڭ ياتقۇزۇش، ئەگەر توڭ ياتقۇزۇلمىغان بولسا 2 ـ يىلى ئەتىيازدا سۇغىرىش كېرەك.

2. ئۇلاش ۋاقتىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. ئادەتتە ئۆرۈك 3 ـ ئايدا، چىلان 4 ـ ئايدا سايما ئۇلاق يارما ئۇلاق قىلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ھاۋا ۋە تۇپراق تېمپېراتۇرىسى تېز ئۆرلەپ، دەرەخ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ ـ دە، ئەي بولۇش نىسبىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بەك بالدۇر ئۇلىغاندا ئۇلاقلىق دەرەخ تېنىدە ئۇزاق تۇرۇپ قالىدۇ ـ دە، دەرەخ تېنىگە سۇ يۇگۇرگىچە قۇرۇشۇپ، ئەي بولۇش نىسبىتىگە تەسىر يېتىدۇ. كېچىكىپ ئۇلىغاندا يەنىلا ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا يەنىلا دەل ۋاقتىدا ئۇلاش كېرەك.

3. ئۈچ بالدىن يۇقىرى شامال چىقسا ئۇلاقچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلاش جەريانىدا ھەرخىل چاڭ ـ توزان، شامال بىرىكىش يۈزىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئەي بولۇش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

4. ئۇلاق ئۇستىنىڭ توم ـ ئىنچىكىلىكى نورمال بولۇشى كېرەك، ئۇلاق تۈپكە قارىغاندا، ئۇلاق ئۇستى بەك توم ۋە بەك ئىنچىكە بولسا ئەي بولۇش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇلاقلىق ئالغاندا كەسكەن شاخنىڭ توم ۋە ئىنچىكە تەرىپىنى كېسىۋېتىپ، ئوتتۇرا قىسمىنى ئىشلىتىش كېرەك يەنى دەرەخنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىن ئۇلاقلىق ئېلىپ، كۈن چۈشمەيدىغان تەرەپكە ئۇلاش كېرەك.

5. ئۇلىغاندا ئۇلاق سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشىغا، يالتىراق شوينا بىلەن تېڭىش جەريانىدا ئۇلاق ئۇستىنىڭ تەۋرىنىپ كەتمەسلىكىگە، ئۇلاق ئاستى ۋە ئۇلاق ئۇستىنىڭ سىرتقى قوۋزىقىنىڭ بىر ـ بىرىگە جىپ كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

6. ئۇلىنىدىغان ئورۇننى دەرەخنىڭ بەك تۆۋەن قىسمىدىن تاللىۋېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم دەرەخنىڭ سىلىق بولغان يەر يۈزىدىن 15 ـ 20 سانتىمېتىرغىچە بولغان جايىدىن تاللاش كېرەك. ئەگەر بەك تۆۋەندىن ئۇلىسا ئۇلاق تۇتماي قالسا قايتا ئۇلاش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ.

7. بىر تۈپ دەرەخكە پەقەت بىرلا ئۇلاق سېلىش كېرەك، بەزى دېھقانلىرىمىز ئىشەنچ قىلالماي بىر تال شاخنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۇلايدۇ، نەتىجىدە ئىككىلىسى تۇتقاندا بىرىنى ئېلىۋېتىشكە كۆزى قىيمايدۇ. بۇنىڭ بى-

لەن ئىككى تال شاخ ئورۇن تاللىشىپ، دەرەخنىڭ ئۈستى يوغان، ئاستى كىچىك بولۇپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا ئامال بار بىرنىلا ئۆلاش، ئەگەر ئىككى تال ئۆلاق سالغان بولسا ئەي بولغاندىن كېيىن ياخشىسىنى قالدۇرۇپ، ناچىرىنى كېسىۋېتىش كېرەك.

8. ئۆلاقتىن كېيىنكى پەرۋىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك: ① ئۆلىغاندىن كېيىن پات - پات سۇغىرىش ئارقىلىق دەرەخنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش لازىم. ② ئۆلاق ئاستىدىن ئۆسۈپ چىققان ياۋا نوتىلارنى ھەر بەش كۈندە بىر قېتىم پۇتاش كېرەك.③ ئۆلاقلىق تۇتقاندىن كېيىن، يېڭى نوتا تېز ئۆسىدۇ. ناھىيەمىزدە بوران كۆپ چىقىدىغان بولغاچقا، ئۆرۈككە نىسبەتەن نوتا 15 - 20 سانتىمېتىر ئۆسكەندە شاخنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈپ، بوراندا پۇلاڭشىپ يېرىلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم غولنىڭ يوغىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش ياكى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تېرەك قويۇپ، شاخنى باغلاش كېرەك. چىلان دەرىخىگە نىسبەتەن بىر مېتىر ئەتراپىدا تىرەك قويۇپ، ئۆلاقلىقنى باغلاپ، ئۆلاقلىقنىڭ بوراندا تەۋرىنىپ يېرىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.چۈنكى ئۆرۈك دەرىخىنىڭ غولىنى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرسا بولىدۇ، چىلان دەرىخىنىڭ غولىنى 70 - 80 سانتىمېتىر ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرسا بولىدۇ. غولنى مۇقىملاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن 4 - 5 تال شاخنى تاللاپ قالدۇرۇپ، قالغانلىرىنى پۇتاپ ئېلىۋېتىسە بولىدۇ. بۇ شاخلار شۇ دەرەخنىڭ ئاساسىي شېخى ھېساپلىنىدۇ. چىلانغا نىسبەتەن ياخشى شاخلارنى شۇ يىلىلا تاللىغىلى بولمىسا 2 - 3 - يىلى تاللىسىمۇ بولىدۇ. ④ يالتىراق سىرتىغا چىگىلگەن شوينىلارنى ئۆرۈك دەرىخىنىڭكىنى 4-ئاينىڭ ئاخىرى بوشۇتۇپ، 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنلىرى يەنى ھەر يىلى شۇ چاغدا چىقىدىغان قاتتىق بوراندىن كېيىن ئېلىۋەتسە بولىدۇ. چىلاننىڭكىنى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى 6 - ئاينىڭ باشلىرى ئېلىۋەتسە بولىدۇ. ئەگەر تېڭىقنى ۋاقتىدا ئېلىۋەتمىسە، دەرەخنىڭ ئاستى - ئۈستى يوغان، ئوتتۇرىسى ئىنچىكە بولۇپ قېلىپ، ئاسان يېرىلىپ كېتىدۇ. ⑤ ئۆلانغان كۆچەت ئارىسىغا زىرائەت تېرىغاندا كۆچەتنىڭ ئىككى يېنىدىن 80 سانتىمېتىر ئارىلىقنى بوش قالدۇرۇپ، كۆچەتنىڭ ئەركىن ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش كېرەك. چوقۇم پاكار غوللۇق زىرائەتلەرنى تېرىش كېرەك. ⑥ 8 - ئايغا بارغاندا كۆچەتنىڭ غول شېخىنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسىنىڭ ئۇچىنى يىمىرىپ، ئۆسۈشىنى چەكلەش كېرەك. (03)

# چىلاندىكى كېسەللىك ۋە زىياندash ھاشارەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش ئۇسۇلى

روزىگۈل تۇردى
(ئونسۇ ناھىيە گۈلئاۋات يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 843100)

**1. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) غوزەك شاخلىنىش كېسىلى: ئادەتتە توپراق قۇرغاق، ئوزۇقسىز، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش شارائىتى ناچار، باشقۇرۇشى يىرىك ئەھۋالدا پەيدا بولىدۇ. كېسەللىك كۆرۈلگەندىن كېيىن، چىلان دەرىخىنىڭ نورمال ئۆسۈشى ئاجىزلاپ، يوپۇرمىقى سارغىيىپ، كىچىك شاخلار بىراقلا كۆپ ئۆسۈپ، يوپۇرماق سولۇشۇپ، مېۋىسى غەيرىيلىشىدۇ. ئەگەر كېسەللىك يىلتىز قىسمىدا كۆرۈلسە، يىلتىزدىن تۈپلىنىش كۆچىيىپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا: ① كارانتىن قىلىشنى كۈچەيتىپ، كېسەللەنگەن كۆچەت كىرگۈزۈشتىن ساقلىنىش؛ ② كېسەللىك يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ ③ يېنىك دەرىجىدە كېسەللەنگەن دەرەخلەرگە نىسبەتەن، يوپۇرماق تۆكۈلۈشتىن ئىلگىرى ھارام شاخلارنى چاتاش، بىخ چىقىرىشتىن ئىلگىرى قوۋزاقنى ھالقىسمان سويۇش، سۇغىرىپ، ئوغۇتلاشنى كۈچەيتىش، مېتىل توپسىن (津甲基托布) نىڭ 1000 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈپ كېرەك؛ (2) دات كېسىلى: كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، يوپۇرماق ئارقا يۈزىدە سۇس يېشىل كىچىك داغلار پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا سۇس قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىشتا: ① كېسەللىك ئېغىر بولغان رايونلاردا 7 - ۋە 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دىنىكونازول (烯唑醇) نىڭ 1500 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى تۇمانلىتىپ پۈركۈش لازىم. يېنىك كېسەللەنگەن رايونلاردا 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرىقى دورىنى پەقەت بىر قېتىملا پۈركۈش لازىم؛ ② كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە ئاچ ئازولون (三唑酮) ياكى 2.5% لىك دىنىكونازولنى پۈركۈش كېرەك.

**2. زىياندash ھاشارات ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش:** (1) ماڭدامچى قۇرت: ئوزۇقلۇق تاللىمايدىغان زىياندash ھاشارات بولۇپ، لىچىنكىسى يۇمران بىخنى يەيدۇ، يوپۇرماق چىقارغاندىن كېيىن، يوپۇرماقنى پىلە قۇرتتەك يەيدۇ. ئېغىر بولغاندا پۈتۈن دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى يەپ، مەھسۇلاتنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش ئۇسۇلى: ① دورا ئار-

قىلىق ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا، چىلان نوتىسى ئۈچ سانتىمېتىر بولغاندا، 2.5% لىك فاستاك (高效氯氰菊酯) نىڭ 2000 ـ 3000 ھەسسەلىك ئېرىتمىسى ياكى دىساس (敌杀死) نىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈسە بولىدۇ؛ ② كىچىك نەشپۈت ئۈرۈق قۇرتى: لىچىنكىسى تولۇق مېۋىگە زىيان سالىدۇ. مېۋە ئېتى ئىچىدە ئۈرۈقچىنى بويلاپ ئوزۇقلىنىدۇ، مېۋە ئىچىدە ھاشارات مايىقى يىغىلىپ، مېۋىنىڭ بالدۇر تۆكۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا، 7 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 8 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە تۆكۈلگەن مېۋىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك. (2) چىلان يېپىشقاق قۇرتى: لىچىنكىسى ئاۋۋال نوتا، يۇمران يوپۇرماقنى غاجىلاپ يەپ، كېيىن يىپەك قۇسۇپ يوپۇرماقنى پۈرلەشتۈرۈپ، ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىشتا: ① ئۆچەكتىن چىقىشتىن بۇرۇن دەرەخ قوۋزىقىنى سويۇپ، قىشتىن ئۆتكەن قورچاقلىرىنى يوقىتىش؛ ② قىش پەسلىدە ئاساسلىق شاخنىڭ تۈۋى تەرىپىگە كۆلا يۆگەپ ئوت قويۇپ، قورچاقلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش؛ ③ يېتىلگەن قۇرت قورچاقتىن چىقىش مەزگىلىدە خىرە نۇرلۇق چىراغ قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئالداپ يوقىتىش؛ ④ دىساسنىڭ 600 ـ 800 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى پۈركۈش كېرەك. (3) مېۋىلىك دەرەخ پارازىت قۇرتى ۋە چىلان پىتى: لىچىنكىسى ياكى يېتىلگەن قۇرتى چىلان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى ياكى 1 ـ 2 يىللىق شېخىغا مەھكەم چاپلىشىپ، شاخ، يوپۇرماق، مېۋىدىكى شىرنىنى شوراپ، چىلان دەرىخىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، مېۋىنى تۆكۈش ئارقىلىق مەھسۇلاتنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ ـ يوقىتىش: ① قىش پەسلىدە چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەللەنگەن شاخلارنى چاتاپ يىغىپ كۆيدۈرۈپ يوقىتىش؛ ② كۆشەندىلەردىن پايدىلىنىپ يوقىتىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (4) چىلان تىكەنلىك كېپىنىكى: سېرىق تىكەنلىك كېپىنەك ۋە يېشىل تىكەنلىك كېپىنەك قاتارلىق ئون نەچچە خىلى بولۇپ، لىچىنكىسى چىلان يوپۇرمىقىغا زىيان سالىدۇ. ئالدىنى ئېلىپ، يوقىتىشتا: ① كۈز پەسلىدە دەرەخ تۈپى ئەتراپىدىكى تۇپراقنى مۇۋاپىق چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، يېتىلمىگەن ھاشاراتنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش؛ ② كۆشەندىلەردىن پايدىلىنىپ يوقىتىش؛ ③ قىش پەسلىدىكى چاتاشقا بىرلەشتۈرۈپ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (05)

# كېۋەزدە كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىش

غۇنچەم موللائەمەت
(كەلپىن ناھىيەلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش پونكىتىدىن 843600)

**1. قىزىرىپ چىرىش كېسىلى:** بۇ خىل كېسەللىك بەزىدە كېۋەز مايسىسى ئۈنۈپ چىققىشتىن ئىلگىرى كۆرۈلىدۇ، بىخ قارامتۇل قوڭۇرغا ئۆزگىرىپ سېسىپ كېتىدۇ. يۇمران مايسا كېسەللەنگەندە، يۇمران غول ئاساسىي قىسمى ۋە يۇمران يىلتىزلار تومۇرلىشىپ، دەسلەپتە سارغۇچ قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، كېيىن قىسقا قارامتۇل قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولىدۇ ياكى پۈتۈن يىلتىز قوڭۇر رەڭگە كىرىپ سېسىيدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، مايسا مەزگىلىدە ئۇدا يامغۇردا قالغان بولسا، كېۋەز مايىسىسىنىڭ يىلتىز قىسمىدا كېسەللىك دەسلەپتە كۆرۈلگەن ۋاقىتتا، 40% لىك باۋىستىن سوسفىنزىيەلىك دورىسى (多菌灵胶剂)، 65% لىك زىنېپ نەملىنىش پاراشوكى (代森锌可湿性粉剂) ياكى 50% لىك توزىت نەملىنىشچان پاراشوكى (退菌特可湿性粉剂) نىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 25% لىك باۋىستىن ياكى 30% لىك سىنىك مېتان ئارسونات نەملىنىشچان پاراشوكى (稻脚青克湿性粉剂) نىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، ياكى 15% لىك ئاچ ئازولون نەملىنىشچان پاراشوكى (三唑铜可湿性粉剂) نىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك.

**2. سارغىيىپ سولىشىش كېسىلى:** كېۋەز غۇنچىلاش مەزگىلىدە كېسەللەنگەن يوپۇرماق قورۇلۇپ، رەڭگى سۇس يېشىلغا ئۆزگىرىدۇ. يوپۇرماق قېلىنلىشىپ ئاسان سۇنىدۇ، بوغۇم ئارىلىقى قىسقىراپ، غول ئېگىلىدۇ، كېسەللەنگەن تۈپ بىنورمال ھالەتتە پاكارلىشىدۇ. بەزى كېسەللەنگەن تۈپلەرنىڭ ئوتتۇرا، ئاستى قىسمىدىكى يوپۇرماقلار سېرىق تورسىمان ھالەتكە ئۆزگىرىدۇ، بەزى كېسەللەنگەن تۈپلەردىكى يوپۇرماقلارنىڭ

ھەممىسى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، ئاندا ـ ساندا كېسەللەنگەن ئېتىزلاردا، 12.5% لىك قۇرۇشنى تىزگىنلىگۈچى سۇيۇق دورىنىڭ 200 ـ 250 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى كېسەللىك پەيدا بولۇش-نىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋە كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش يۇقىرى پەللىگە چىققاندا بىر قېتىمدىن، ھەربىر كېسەللەنگەن تۈپكە 50 ـ 100 مىللىلىتىر قويۇش كېرەك.

**3. كۆيدۈرگە كېسىلى:** چېكەت ياكى بىخ زىيانغا ئۇچرىسا، قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىپ سېسىيدۇ. مايسا زىيانغا ئۇچرىسا يۇمران غولىنىڭ تۈۋىدە قىزغۇچ جىگەر رەڭ داغ پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي ھالدا قىزغۇچ جىگەر رەڭلىك ئويۇلغان موكا شەكىللىك كېسەللىك دېغىغا ئۆزگىرىدۇ. كېسەللىك ئېغىر بولسا داغ ئاساسىي غول تۈۋىنى ياكى يىلتىز قىسمىنى قاپلاپ، قارامتۇل جىگەر رەڭگە ئۆزگىرىپ، كېۋەز مايسىسىنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ. ئۇ-رۇق پەللىسى زىيانغا ئۇچرىسا يوپۇرماق گىرۋىكىدە قوڭۇر رەڭلىك، يېرىم چەمبەر شەكىللىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، كېسەللىك دېغىنىڭ چەتلىرى بىنەپشە قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، مايسا مەزگىلىدە ئۇدا يامغۇر ياغقان بولسا كېۋەز مايسىنىڭ يىلتىز قىسمىدا كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، 40% لىك باۋىستىن دورىسى، 65% لىك زېنىپ نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى 50% لىك توزېت نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، 25% لىك باۋىستىن ياكى 30% لىك سىنىك مېتان ئارسونات نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ياكى 15% لىك ئاچ ئازولون نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش لازىم.

**4. سولىشىپ قۇرۇش كېسىلى:** كېسەللەنگەن تۈپ ئادەتتە قۇرۇپ

قالمايدۇ، كۆپ ھاللاردا ئاۋۋال ئاستى قىسمىدىكى يوپۇرماقتا كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، يۇقىرى قىسمىغا تەرەققىي قىلىدۇ. كېسەللەنگەن يوپۇرماقنىڭ يوپۇرماق گىرۋىكى بىلەن يوپۇرماق تومۇرى ئارىسىدىكى يوپۇرماق ئېتىدە تەرتىپسىز ئاچ سېرىق ياكى بىنەپشە قىزىل رەڭلىك داغ كۆرۈلىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا: ئاندا ـ ساندا كېسەللەنگەن ئېتىزلاردا، %12.5 لىك قۇرۇشنى تىزگىنلىگۈچى سۇيۇق دورىلارنىڭ 200 ـ 250 ھەسسىلىك ئېرىتمىسىنى كېسەللىنىشنىڭ پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋە كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇشى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا بىر قېتىمدىن، كېسەللەنگەن ھەر تۈپكە 50 ـ 500 مىللىلىتىر قويۇش لازىم.

**5. تىك قۇرۇش كېسىلى:** چىگىت زىيانغا ئۇچرىغاندا، چىگىتنىڭ سېسىشنى ياكى بىخنىڭ سېسىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇمران مايسىنىڭ غول تۈۋى قىسمى زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، سارغۇچ قوڭۇر رەڭدە، سۇغا چىلىنىپ قالغاندەك كېسەللىك دېغى كۆرۈلۈپ، تەدرىجىي يۇمران غولنى چۆرىدەپ كېڭىيىپ، كېسەللەنگەن قىسىم ئىنچىكىلەپ، قارامتۇل قوڭۇرغا ئۆزگىرىدۇ. كېسەللەنگەن مايسا قۇرۇپ قالىدۇ. يوپۇرماق كېسەللەنسە يوپۇرماق ئوتتۇرىسىدا تەرتىپسىز سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كېسەللىك دېغى پەيدا بولۇپ، ئاسانلا يېرىلىپ تۆشۈكچە پەيدا بولىدۇ. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشتا، مايسا مەزگىلىدە ئۇدا يامغۇر ياغسا، كېۋەز مايسىسىنىڭ يىلتىز قىسمىدا كېسەللىك كۆرۈلگەن دەسلەپكى ۋاقىتتا %40 لىك باۋىستىن سوسفىنزىيەلىك دورىسى، %65 لىك زىنىب نەملىنىشچان پاراشوكى ياكى %50 لىك توزېت نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، %25 لىك باۋىستىن ياكى %30 لىك سىنىك مېتان ئارسونات نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 500 ـ 800 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى، %15 لىك ئاچ ئازولون نەملىنىشچان پاراشوكىنىڭ 800 ـ 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم ،جەمئىي 2 ـ 3 قېتىم پۈركۈش كېرەك.

**6. ئىچىتقۇ زەمبۇرۇغ كېسەللىكى:** غوزا پوستىنىڭ يېرىلغان ئو-رۇنلىرىدا ياكى قۇرت يېگەن تۆشۈكچىلەردە سارغۇچ يېشىل ياكى سارغۇچ قو-ڭۇر رەڭلىك پاراشوك ھالەتتىكى پاختىلاشقان قەۋەت پەيدا بولۇپ، يۇقىرى نەملىكتە قوڭۇر پاختىلاشقان قەۋەتكە ئۆزگىرىپ، پاختا تالاسىنىڭمۇ سۈپىتى ئۆزگىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، 50% لىك باۋىستىن، 70% لىك تىئوفانات، 75% لىك داكونىل (百菌清) ياكى 65% لى زىنېپ نەملىنىشچان پارا-شوكىنىڭ 500 - 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش كېرەك.

**7. بۇرجەكلىك داغ كېسىلى:** ھەقىقىي يوپۇرماقتا كېسەللىك كۆرۈ-لىدۇ، دەسلىپىدە قوڭۇر رەڭلىك چېكىتلەر پەيدا بولۇپ، بارا - بارا كېڭى-يىپ سۇزۇك كېسەللىك دېغىغا ئايلىنىپ، ئاخىرىدا قارامتۇل قوڭۇر رەڭ-لىك كېسەللىك دېغىغا ئۆزگىرىپ، كۆپ بۇرجەكلىك شەكىلگە كىرىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، كېسەللىك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەز-گىلىدە، 220 - 1:120 لىك بوردو سۇيۇقلۇقى ياكى 65% لىك زىنېپ نەم-لىنىشچان پاراشوكىنىڭ 400 - 500 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش لازىم.

**8. قارا چوقۇر كېسىلى:** ھەممە غوزا زىيانغا ئۇچرايدۇ، غوزا پوستى قارىداپ، قېتىپ، يېرىلمايدۇ، غوزا پوستىدا قويۇق كىچىك داغلار پەيدا بو-لىدۇ. ئالدىنى ئېلىش - يوقىتىشتا، كېسەللىك سەۋەبلىرى بىرقەدەر مۇ-رەككەپ بولغان كېۋەزلىككە 50% لىك باۋىستىن، 70% لىك تىئوفانات، 75% لىك داكونىل ياكى 65% لىك زىنېپ قاتارلىقلارنىڭ ئېرىشچان پارا-شوكىنىڭ 500 - 1000 ھەسسىلىك سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈش لازىم. ئالدىنى ئېلىپ - يوقىتىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بوردو سۇيۇقلۇقى ياكى مىس سۇلفاتلىق سوپۇن سۈيىنى يۇقىرىقى دورىلار بىلەن بىرلەشتۈ-رۈپ ئىشلىتىش كېرەك. (02)

## بارنىك كۆكتاتلىرىدىكى قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش ئۇسۇلى

رەيھانگۈل ئەرشى
(تۇرپان شەھەرلىك دېھقانچىلىق تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش مەركىزىدىن 838000)

قىزىل ئۆمۈچۈكنىڭ كۆپىيىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولۇپ، پارنىكتىكى مېۋىلىك كۆكتات ۋە قوغۇن ـ تاۋۇزلارغا بىرقەدەر ئېغىر زىيان سالىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پارنىك تېمىنىڭ تۆۋىدىكى تۇپلەرنىڭ ئاستىنقى يوپۇرمىقىغا كۆپرەك زىيان سالىدۇ. ئاندىن كېيىن تەدرىجىي كېڭىيىپ پۈتۈن پارنىكقا زىيان سالىدۇ. ئادەتتە 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ پارنىك تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، قىزىل ئۆمۈچۈك تېز كۆپىيىپ، ئېغىر زىيان سالىدۇ. قىزىل ئۆمۈچۈك يوپۇرماق كەينىگە زىچ توپلىشىپ، يوپۇرماق شىرنىسىنى شۈراپ، يوپۇرماقنى سۇسىزلاندۇرۇپ نۇر بىرىكتۈرۈش رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تۇپنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى تەسىر يەتكۈزۈپ، مەھسۇلاتى ۋە سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

**1. ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىش:** (1) پارنىكتىكى ئوت ـ چوپ، كۆكتات قالدۇقلىرىنى ۋاقتىدا تازىلاپ، ھاشارەت مەنبەسىنى يوقىتىش كېرەك. (2) مۇۋاپىق ئوغۇتلاش، بولۇپمۇ فوسفورلۇق ئوغۇتلار بىلەن كوپرەك، ئازوتلۇق ئوغۇتلار بىلەن مۇۋاپىق ئوغۇتلاش كېرەك. (3) ۋاقتىدا مۇۋاپىق سۇغىرىپ، تۇپراق بەك قۇرغاقلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق، تۇپنىڭ تىمەن ئۆسۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەللىك، ھاشارات زىيىنىغا بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. (4) دېھقانچىلىق دورىسى ئارقىلىق ئالدىنى ئېلىش ـ يوقىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. دورا پۈركۈگەندە يوپۇرماقلارنىڭ ئالدى ـ كەينىگە تەكشى پۈركۈش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پارنىكقا ساۋەنجىنىڭ (卵螨统杀) نى 1500 ـ 2000 ھەسسە، لۆەنمەنتوڭشا (扫螨净) نى 1500

# بىيولوگىيەلىك دورىلارنىڭ رولى ۋە ئىشلىتىش ئۇسۇلى

روشەنگۈل
(بورتالا شەھىرى چىندىل يېزىلىق دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 833400)

نۆۋەتتە خىمىيەلىك دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ زىرائەتلەرگە، بولۇپمۇ كۆكتاتلارغا زور مىقداردا ئىشلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ قالدۇق تەسىرىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، زىيانسىز كۆكتاتلارغا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ، يېشىل يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ قالدى.

**1. بىيولوگىيەلىك دورىلارنىڭ رولى:** بىيولوگىيەلىك دورىلار كېلىش مەنبەسى ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىكرو ئورگانىزملاردىكى مەلۇم تۈردىكى كېسەللىك زىيانداش ھاشاراتلارنى ئالاھىدە تىزگىنلەش رولى بولغان، بىخەتەرلىكى يۇقىرى دېھقانچىلىق دورىلىرىغا تارتىلغان بولۇپ، بىيولوگىيەلىك دورىلار ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش، زەھەرى تۆۋەن، قالدۇق تەسىرى يوق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

**2. بىيولوگىيەلىك دورىلار تۈرى:** (1) Bt تۈرىدىكىلەر: بۇ تۈردىكى دورىلار بىر خىل ئىسپورىلىق تاياقسىمان باكتېرىيە بولۇپ، ھاشاراتنىڭ ئاشقازىنىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ؛ (2) ئاۋېرمېكتىن (阿维菌素): بۇ بىر خىل يېڭى تىپتىكى ئانتىبىيوتىك ھاشارات ۋە كانا يوقىتىش دورىسى بولۇپ، ئاساسلىقى ئاشقازاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش ۋە تېگىپ ئۆلتۈرۈش ھەم ئىسلاپ ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە؛ (3) تاننىت ۋە ئىشقار تۈر-

---

ھەسسە سۇيۇلدۇرۇپ پۈركۈش لازىم. قىزىل ئۆمۈچۈك پەيدا بولۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە 20% لىك دىكوفول (三氯杀螨醇) نىڭ 1000 ـ 1500 لىك ئېرىتمىسىنى چېچىش كېرەك.

**2. دىققەت قىلىدىغان ئىشلار:** پارنىكتىكى كۆكتاتلارنى يىغىۋېلىش ۋاقتىدا دورا چاچماسلىق كېرەك. دورا پۈركۈگەن چاغدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىپ، ماسكا تاقاش، پەلەي كىيىش. دورىنى پۈركۈپ بولغاندىن كېيىن يۈز، قولنى سوپۇنداپ پاكىز يۇيۇش كېرەك. (03)

دىكىلەر: ئاساسلىق تەركىبى تانىنت ئىشقارى بولۇپ، بۇنىڭمۇ ئاشقازاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش، تېگىپ ئۆلتۈرۈش، ئىسلاپ ئۆلتۈرۈش رولى بار. شۇنداقلا نېرۋا سىستېمىسىنى مەست قىلىش ئارقىلىق، ھاشاراتلارنىڭ ھەرىكەت قىلىش يولىنى بۇزۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**3. دورا ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۇسۇلى:** ① ۋاقتىنى ئىگىلەش: بىيولوگىيەلىك ھاشارات ئۆلتۈرگۈچ دورىلارنى خىمىيەلىك ھاشارات ئۆلتۈرگۈچ دورىلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھاشارات ئۆلتۈرۈش ئۈنۈمى ئاستا بولغاچقا، دورا چېچىش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئىلگىرى سۈرۈپ چېچىش؛ ② ئالدىنى ئېلىش ئوبيېكتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا، كېسەللىك، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا، دورىغا بولغان سەزگۈرلىكىگە قاراپ ئىشلەتكەن دورىنىڭ قويۇقلۇقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ؛ ③ ئاۋېيمېتسۇنىڭ بىيولوگىيەلىك ئاكتىپچانلىقى تېمپېراتۇرا بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. يەنى تېمپېراتۇرا قانچە يۇقىرى بولسا، ئۈنۈمى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇ خىلدىكى دورىلارنى يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە كۆكتاتلاردىكى ھاشاراتلارنى يوقىتىشقا ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. Bt ھاشارات ئۆلتۈرگۈچ دورىلار بولسا تېمپېراتۇرا 20℃ ـ 25℃، نىسبىي نەملىك 85% تىن يۇقىرى بولغاندا ئاكتىپچانلىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولىدۇ؛ ④ بىيولوگىيەلىك دورىلار ئاساسلىقى ئاشقازاننى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە بولغانلىقتىن دورا ئىشلەتكەن ۋاقىتتا چوقۇم يوپۇرماقلارنىڭ يۈزى ۋە كەينىگە تەكشى چېچىلىش كېرەك. بۇندىن باشقا ئاۋېيمېتسۇننىڭ يېپىشقاقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دورىنى سۇيۇلدۇرغان ۋاقىتتا ئاز مىقداردا ئۆسۈملۈك مېيى ئارىلاشتۇرسا بولىدۇ. Bt پاراشوكى ۋە دانچىسىمان دورىسىنى ئەتىگەن، كەچتە شەبنەم چۈشكەندە ۋە ئازراق ياغقان يامغۇردىن كېيىن ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. بۇندىن باشقا توقۇلمىلىرى قېلىن بولغان كۆكتاتلارغا ھاشارات يوقاتقۇچى دورىلارنى ئىشلەتكەندە، دورىغا ئازراق سوپۇن پاراشوكى قوشقاندا دورىنى يوپۇرماققا تېز يېپىشتۇرۇپ، ئۈنۈمىنى يۇقىرىلاتقىلى بولىدۇ. (05)

# سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى

ماخمۇت ھامۇت
(تارىم دەريا ۋادىسى خوتەن باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن 848000)

سۇ بىلەن تەمىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش بولسا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، سۇغىرىش سۇيىنى ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ يېرىگىچە يەتكۈزۈپ، سۇغىرىشنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىشلەتكەن ئەمەلىي سۇ-يىغىلا ھەق تاپشۇرۇپ، سۇ باشقۇرۇش مەشغۇلات جەريانىدۇر. سۇ بىلەن تە-مىنلەشنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش تۈۋەندىكىدەك ئەھمىيەتكە ئىگە: (1) سۇ باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، مەھسۇلاتقا كاپالەتلىك قىلىپ ئىق-تىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويغان ئاساستا سۇنى تېجەپ، سۇنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە سۇ تېجەش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە زور دە-رىجىدە ئۈنۈم ياراتقىلى بولىدۇ؛ (2) ھەربىر دېھقان ئائىلىسىنىڭ يېرىگە ئىشلىتىلگەن سۇيىنىڭ مىقدارى بىلەن تەننەرقىنى دەل ۋاقتىدا ھېسابلاپ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى ئۇقۇشماسلىقتىن ساقلانغىلى، ئىشلەتكەن ئەمەلىي سۇ مىقدارىغا ئاساسەن ھەق يىغىپ، كەڭ دېھقانلار ئا-مىسىنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ؛ (3) سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار سۇغىرىش كۆلىمىنى يوشۇرۇش، قالاق سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ سۇنى ئىسراپ قىلىش، سۇغا مۇناسىۋەتسىز چىقىمنى سۇغا قوشۇپ يىغىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرۇۋېتىشتەك يامان قىلـ-مىشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (4) سۇ بىلەن تەمىنلىگۈچى ئو-رۇنلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، سۇ ئۆلچەش جەھەتتە خاتا مەشغۇلات قىلىش، سۇ ھېساباتىنى ئېنىق، توغرا قىلماسلىق قاتارلىق

ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ (5) سۇنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەك لىنىيەسىدە سىڭىش، پارغا ئايلىنىش قاتارلىق زىيانلىنىش ئەھۋاللىرىنى ئىنىق چۈشەندۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنىڭ سۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، «چىقىملىق سۇ» ۋە «چىقىمسىز سۇ» چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئېتىزغا كىرگەن «ساپ سۇنىڭ» مىقدارىنى ھەقىقىي بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ (6) دېھقانلارنىڭ ھەر قېتىم ئىشلەتكەن سۇيىنىڭ مىقدارى ۋە تەننەرخىنى دەل ۋاقتىدا بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ؛ (7) ھەرقايسى كەنت، مەھەللىلەردە قۇرۇلغان دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتىنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇغىرىش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتىرىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ؛ (8) ئاساسى قاتلام سۇ باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ؛ (9) تېرىلغۇ يەر تارقاق، تېرىقچىلىق قۇرۇلمىسى ھەر خىل بولۇپ، سۇنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈش قىيىن بولغان جايلاردا، زىرائەتلەرنى تۈرلەرگە بولۇپ سۇغىرىشنى يولغا قويۇشقا ياكى كەنتلەرنى بىرلىك قىلىپ سۇ ھېساباتىنى خاتىرىلەپ، سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا چەك قويۇپ بەلگىلەنگەن سۇ بىلەن بەلگىلەنگەن زىرائەتنى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ (10) دېھقانلار سۇ ئىشلىتىش جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، سۇنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق بولماستىن، بەلكى چەكلىك بايلىق ئىكەنلىكىنى، سۇ بايلىقىنىڭ ئورنىغا ھېچقانداق بايلىقنى دەسسەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، سۇنىڭ تاۋارلىق قىممىتىنى تولۇق چۈشىنىپ سۇ تېجەشچان جەمئىيەت قۇرۇش لازىملىقىنى پۈتۈن جەمئىيەتكە، جۈملىدىن دېھقانلار ئاممىسىغا تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. (05)

# يېزا ئىگىلىك سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

تۇرسۇنگۈل جامال
(ئاتۇش شەھىرى ئازاق يېزىلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى، سۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاچقۇچى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى سۇ ئىشلىرىنى ياخشىلاش، سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، سۇ تېجەش قۇرۇلۇشىغا زور مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەر دەرىجىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىنى، باشقۇرۇپ ۋە ياساپ، سۇ ئىشلىرى خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىش بولغان بولسىمۇ، يەنىلا تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر ساقلانماقتا:

**گەۋدىلىك مەسىلىلەر:** (1) رايونىمىزنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى بويىچە، سۇ بايلىقىنىڭ رايونلار بويىچە ۋاقىت جەھەتتىكى تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، سۇچىلىق مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تەبىئىي ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى، پەسىل خاراكتېرلىك سۇ كەمچىل بولۇش ئەھۋالى مەۋجۇت، سۇ مەنبەلىرىنى باشقۇرۇش قېلىپلاشمىغان؛ (2) ھەر دەرىجىلىك سۇغىرىش ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ سۇدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى بىرقەدەر ئاجىز، ئەسلىدە بار بولغان ۋە يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان سۇ سىڭمەس ئۆستەڭلەرنى لايىھەلەش، باشقۇرۇش، ئاسراش ياخشى بولمىغانلىقتىن، تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش، بۇزۇلۇش ئەھۋاللىرى ئېغىر بولۇپ، سۇنىڭ پارلىنىپ يوقىلىش مىقدارى كۆپ، سۇغىرىش ئۆستەڭلەردىكى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىنشائاتلىرىنىڭ سۇ تەقسىملەش، تەڭشەش، توسۇش، ئىقتىدارى ئاجىز، سۇنىڭ قاپقاق تاقاقلاردىن سىرغىپ كېتىش ئەھۋالى ئېغىر؛ (3) سۇ باشقۇرۇش، تەقسىملەش خىزمىتى قېلىپلاشمىغان بولۇپ، رايونىمىزنىڭ سۇغىرىش كۆلىمى، تۇرلۇك باغ كۆلىمى، سۇغىرىش ۋاقتى، ئېھتىياجلىق سۇ مىقدارى پىلانى بويىچە تەقسىم قىلىنماي، كونا ئۇسۇل بىلەن تەقسىملىنىپ، سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئېھتىياج بىلەن ماسلاشمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزى ئورۇنلاردا

سۇ كەمچىل بولۇش، بەزى ئورۇنلاردا سۇ ئىسراپچىلىق مەسىلىلىرى مەۋ-
جۇت. سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش مېخانىزمى جانلىق ئەمەس؛ (4) ئومۇم-
يۈزلۈك سۇ تېجەش تىپتىكى جەمئىيەت قۇرۇش تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش
تەكىتلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي شارائىت ۋە سۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ
سۇ ئىشلىتىش ئاڭلىقى بىرقەدەر تۆۋەن بولغاچقا، ئېتىز - ئېرىقلاردىكى
سۇنىڭ ئىسراپچىلىقى ئېغىر. سۇ تېجەيدىغان سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ
قوللىنىش دائىرىسى تار، ئادەتتە سۇغىرىش ئومۇمىي سۇ مىقدارى يۇقى-
رى، پايدىلىنىش نىسبىتى تۆۋەن بولۇپ، ئېھتىياجلىق سۇغىرىشقا كاپا-
لەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ؛ (5) ئاساسىي قاتلام سۇ ئىشلىرى ئورۇنلىرى، سۇ-
ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىشلىرى خىزمى-
تىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. باشقۇرۇش، تەربىيەلەش، رىقابەت ئارقىلىق ئىش
ئورنىغا قويۇش، يېڭى خىزمەت تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ياخشى ئېلىپ بېرىلمىغاچ-
قا، باشقۇرۇش قالاق، ئۇسۇلى كونا بولۇپ، بەزى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
كەسپىي تېخنىكا سەۋىيەسى نۆۋەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماس-
لىشالمايۋاتىدۇ.

**ھەل قىلىش تەدبىرى:** (1) سۇ بايلىقىنىڭ تارقىلىشى، ھۆل - يېغىن
مىقدارىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆ-
لۈۋاتقان، جەمئىيەت مۇقىملىقى تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك سۇ مەسىلى-
لىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، سۇ مەنبەلىرىنى ئاسراپ، تەمىنلەش بىلەن
ئېھتىياج، باشقۇرۇش بىلەن ئاسراشنى ماسلاشتۇرۇش لازىم؛ (2) ئېرىق -
ئۆستەڭلەرگە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك سۇ باشقۇ-
رۇش ئورۇنلىرى ۋە سۇ ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ مەسئۇل دائىرىسىنى ئايرىپ،
ئاسراپ قوغداشنى كۈچەيتىپ، ئۆستەڭ يېنىغا دەرەخ تىكىدىغان، يەر ئا-
چىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇزۇلغان يەرلەرنى ۋاقتىدا ئوڭ-
شاپ، كۆپلەپ بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، لاي - لاتقىلارنى تازىلاپ، سۇ-
نىڭ راۋان ئېقىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ بىخەتەر سۇغىرىش مۇھىتى يارى-
تىش كېرەك. ئېرىق - ئۆستەڭلەردىكى ئىنشائاتلارنى قەرەللىك تەكشۈ-
رۈپ، ئىقتىدارىنى يوقاتقان، بۇزۇلغانلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئوڭلاپ، ئۆزگەر-

تىشكە تېگىشلىك يەرلەرنى ئۆزگەرتىپ، سۇ ئۆلچەش قۇرۇلمىلىرىنى ياخشىلاپ، سۇنىڭ توغرا تەقسىملىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (3) سۇ تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەمەلىي سۇغىرىش كۆلىمى، زىرائەت، باغ تۈرى بويىچە تەپسىلىي ئىگىلەپ، ئالدىن پىلان، تەدبىر تۈزۈپ، جانلىق بولغان سۇ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش مېخانىزمىنى ئورنىتىش لازىم؛ (4) بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، پەن - تېخنىكىغا تايىنىپ، تەدبىر بەلگىلەش ئارقىلىق سۇ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۇ تېجەيدىغان سۇغىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، سۇ تېجەش ئۈنۈمىگە قارىتا تولۇقلىما بېرىش مېخانىزمىنى ئۆزىتىش لازىم. يەر ئاستى ۋە ئۈستى سۈيىنى بۇ تۇتاش باشقۇرۇپ، سۇ ئىشلىتىشتە چەك قويۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، سۇ تېجەش خىزمىتىنى ئىقتىساد، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. شەھەر، زاۋۇت، كارخانىلاردىن چىققان كېرەكسىز سۇلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، سۇغىرىشقا ئىشلىتىپ مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم؛ (5) ئاساسىي قاتلام سۇ ئىشلىرى ئورۇنلىرىنىڭ فۇنكسىيەلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، باشقۇرۇش تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىپ تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى سۇ باشقۇرۇش خادىملارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيەسى ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ھەرقايسى سۇ ئىشلەتكۈچى ئورۇنلىرىدا سۇ ئىشلەتكۈچىلەر جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئارقىلىق، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سۇ ئىشلىرىغا قارىتا ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ سۇچىلىق ئىسلاھاتى روھىغا ماسلىشالايدىغان ساپالىق كادىرلارنى رەھبەرلىك بەنزدسىگە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قاتلام سۇچىلىق خادىملىرىنىڭ تەمىناتى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئاساسىي قاتلامغا مۇلازىمەت قىلىش، ئومۇمىيەت ئىقتىدارنى، ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. (05)

# ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تەكشۈرۈش ۋە رېمونت قىلىش ئۇسۇلى

مەمەتتۇرسۇن تاھىر
(قەشقەر شەھەرلىك سۇ ئىلىكتىر مەكتىپىدىن 844000)

ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى تەكشۈرۈش، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنى ئاسراش رېمونت قىلىشنىڭ ئاساسى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئاندىن ئاسراش رېمونت قىلىش تەدبىرلىرىنى توغرا قوللانغىلى بولىدۇ.

**1. تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى:** (1) سۇنىڭ نورماللىقىنى تەكشۈرۈش: مەخسۇس خادىم ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە بېرىپ خاتىرە قالدۇرۇش، ئۆستەڭ لىنىيەسى ئۆزۈن رايونلاردا ئالاقىلىشىش ئۇسكۇنىلىرىنى ئىشلىتىش، ھادىسە يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى بار بۆلەكلەرنى ۋاقتىدا مەلۇم قىلىش لازىم. ① ئۆستەڭدىكى سۇنىڭ ئېقىشىدا غەيرىي ئەھۋال بار - يوقلۇقىنى تەكشۈرۈش، مەسىلەن: قايىنام، سۇ دولقۇنى، قاتارلىقلار سۇ ئېقىمىدىكى غەيرىيلىك، ئاساسلىقى ئۆستەڭدىكى سۇ توسۇلۇپ قېلىش، سۇ يالاپ كېتىش، سۇ ئېقىمى ئاستا بولۇش، ئېرىق - ئۆستەڭلەردە يۈز بېرىدىغان غەيرىيلىك قاتارلىقلار؛ ② قايىنام سەۋەبىدىن دولقۇنلارنىڭ ئۆستەڭ قېشىغا ئۇرۇلۇشتىن سۇ قېچىپ كېتىدۇ؛ ③ دولقۇن تەسىرى يېتەرلىكمۇ يوق؛ ④ قاشنىڭ ئىچى تېشى يېرىلدىمۇ يوق؛ ⑤ ئۆستەڭ قاشلىرىدا زىيانداش ھاشارات، ياۋايى ھايۋانلار تەشكەن تۆشۈك ياكى ھەرىكەت ئىزلىرى بارمۇ - يوق؛ ⑥ ئۆستەڭ قېشىدا ئوت - چۆپ، ئەخلەتلەر بارمۇ - يوق؛ ⑦ ئۆستەڭ قېشىنىڭ سىرتىدا غەيرىيلىك، سۇ قاچقان ئەھۋال بارمۇ - يوق؛ ⑧ قاشتىكى تاشلاردا بوشاش ئەھۋالى بارمۇ - يوق؛ ⑨ ئۆستەڭ قېشى، ئۇستى قاتارلىق ئورۇنلاردا سۇ قاچقان، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەھۋال بارمۇ يوق؛ ⑩ يول ياقىسىدىكى زەيكەش ئېتىلىپ قالدىمۇ يوق. ئەگەر مەسىلە بايقالسا ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، چوڭراق مەسىلە ئۆستەڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كەلسە ۋاقتىدا يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا دوكلات قىلىپ، تەدبىر قوللىنىش كېرەك.

**2. سۇنى توختىتىپ قەرەلىك تەكشۈرۈش:** (1) سۇ توختىتىپ تەكشۈرۈش پىلانىغا ئاساسەن، ئۆستەڭگە چوڭ ئېقىمدىكى سۇ باشلاش ياكى ئالاھىدە پىلان بويىچە سۇ باشلىغاندىن كېيىنكى سۇ توختىتىپ تەكشۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ① تىنىپ قالغانمۇ، يار ئېلىپ كەتكەنمۇ - يوق؛ ② ئۆستەڭ قېشى گۆمۈرۈلۈپ چۈشتىمۇ يوق؛ ③ ھەر تۈردىكى سۇ سىڭىمەس قەۋەت، سىلجىش چېكى زىيانغا ئۇچرىدىمۇ - يوق؛ ④ ئۆستەڭ ئىچىدە ئوت - چۆپ ۋە باشقا دۆۋىلەنمە ئەخلەتلەر بارمۇ - يوق؛ ⑤ قوللىنىلغان ئاسراش رېمونت قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ رولى بولدىمۇ - يوق؛ ⑥ قوللىنىلغان ئاسراش رېمونت قىلىش تەدبىرلىرى كۆزلىگەن نىشانغا يەتتىمۇ - يوق؛ (2) ئېرىق - ئۆستەڭنى رېمونت قىلىش: ① كۈچلۈك سۇ ئېقىمى بىتونىنىڭ ئاسراش قەۋىتى بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئاسراشتا بىتون لاي بېرىپ، چىڭداپ، تۈزلەش، بىتون سورتىنى بۇرۇنقى بىتون سورتىدىن چوڭ قىلىش كېرەك؛ ② ئالدىن تەييارلانغان بىتونىنىڭ ئاسراش قەۋىتىنى رېمونت قىلىش، كونىسىنى چۇۋۇش، يىپ تارتىش، قوپۇرۇش، بىرىكىش چېكىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ ③ كونىسىنى چۇۋۇپ، يىپ تارتىش، تىندۇرما قەۋەت ياتقۇزۇش، تاشنى يۇيۇش، لاي تەييارلاش، چېكىنى ياخشى ئېتىش لازىم. قاتتىق سوغۇقتا يېرىلىپ بۇزۇلۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆستەڭ ئاستى قىسمىدا سۇ كۆپ بولۇشتىن ساقلىنىپ، مۇزلىغان توپىنى كولاپ ئېلىۋېتىش ياكى سۇ ئۆتكۈزىدىغان قاتلامنىڭ قېلىنلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. يەنە سۇنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن سۇ سىڭىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسىغا سۇ باشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. قويۇلغان بىتون تاختا ئاستىغا سۇ كىرىش ئاساسلىقى سىلجىتىش چېكى ئارقىلىق كىرىدۇ، شۇڭا سىلجىتىش چېكى رېمونتىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ھەر خىل رېمونتلاردا پەقەت سېمونت ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، قورۇلۇش ئاسراش خىزمىتىنى ياشى ئىشلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# مېۋىلىك دەرەخلەرنى سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى

گۈلەمبەر تۇرسۇن
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

سۇ مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى، سۇغىرىش مىقدارىنىڭ بەك كۆپ بولۇشى، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شۇ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە سۈپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، كېلەر يىللىق مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئۆسۈپ يېتىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگىمۇ زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۆمرىگىمۇ تەسىر يەتكۈزۈپ، مېۋە بېرىش مۇددىتىنى قىسقارتىۋېتىدۇ.

**1. مېۋىلىك دەرەخنىڭ سۇغا ئېھتىياج بولۇش قانۇنىيىتى:** مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، مېۋىلىك دەرەخلەر تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. ① قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك سورت. مەسىلەن: شاپتۇل، ئۆرۈك، ئانار، چىلان، ئەنجۈر، ياڭاق، ئاناناس قاتارلىقلار؛ ② قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئوتتۇراھال سورت. مەسىلەن: ئالما، نەشپۈت، گىلاس، ئالۇچا، قارا ئۆرۈك قاتارلىقلار؛ ③ قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى ئاجىز سورت. مەسىلەن: بانان، چارتال دەرىخى، مىرىگا دەرىخى قاتارلىقلار.

**2. سۇ تېجەپ سۇغىرىش تېخنىكىسى:** (1) سۇغىرىش ۋاقتى: مېۋىلىك دەرەخنى سۇغىرىش ۋاقتى چوقۇم مۇۋاپىق بولۇش كېرەك، مېۋىلىك دەرەخلەردە ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە سۇسىزلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، يەنى مېۋىدە قۇرۇلۇش، يوپۇرمىقىدا سولىشىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلسە دەرھال سۇغىرىش كېرەك، ئۇنداق قىلمىغاندا ئورنىنى تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيان كېلىپ چىقىدۇ. مېۋىلىك دەرەخنىڭ سۇغىرىش ۋاقتىنى، مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى فىزىئولوگىيەلىك

سۇغا بولغان ئېھتىياجى ۋە تۇپراق نەملىكىگە ئاساسەن بېكىتىش كېرەك. بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۆت مەزگىلدىكى سۇغىرىشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ① چېچەكلەشتىن بۇرۇن؛ ② چېچەكلەشتىن كېيىن؛ ③ گۈل بىخى بۆلۈنۈش مەزگىلى؛ ④ تىنچلىنىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم؛ (2) سۇغىرىش قېتىم سانى ۋە سۇغىرىش مىقدارى: مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ھەرقايسى ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدىكى سۇغىرىش قېتىم سانى ئاساسەن ھەرقايسى مەزگىللەردىكى ھۆل - يېغىن مىقدارى ۋە شۇ جاينىڭ تۇپراق نەملىكىگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە بىر يىل ئىچىدە ھەربىر ئۆسۈپ يېتىلىش مەزگىلىدە بىر قېتىمدىن سۇغارسا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىن باشقا ۋاقىتلاردا مېۋىلىك باغدىكى تۇپراقنىڭ سۇ مىقدارىدىن ئېتىزنىڭ سۇ ساقلاش مىقدارى 50% تۆۋەنلەپ كەتسە دەرھال سۇغىرىش لازىم. قۇرغاق رايونلاردا سۇ كەمچىل بولغاندا چوقۇم كىرىتىك مەزگىلىدىكى سۇغىرىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلسا سۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى بولىدۇ.

مېۋىلىك دەرەخلەرنى سۇغىرىش مىقدارى ئاساسەن مېۋىلىك دەرەخنىڭ سورتى، تۈرى، ئۆلاق ئالاھىدىلىكى، دەرەخنىڭ يېشى ۋە تۇپراقنىڭ سۈپىتى، ھاۋا رايى شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشىمايدۇ. قۇرغاقچىلىققا چىدامچانلىقى كۈچلۈكرەك سورتلارنىڭ سۇغىرىش مىقدارى ئازراق بولىدۇ. قورغاقچىلىققا چىدامچانلىقى ئاجىز سورتلارنىڭ سۇغىرىش مىقدارى بىرقەدەر كۆپرەك بولىدۇ. كۆچەت مەزگىلىدە ئازراق سۇغىرىش، مېۋىلەش مەزگىلىدىكى دەرەخلەرنى كۆپرەك سۇغىرىش، قۇمساڭ يەرلەردىكى مېۋىلىك باغلارنى كۆپرەك سۇغىرىش، شورلۇق تۇپراقتىكى مېۋىلىك باغلارنى ئازراق سۇغىرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك. (05)

# پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

ئوبۇلقاسىم ياسىن
(قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 844000)

پىلانلىق سۇ ئىشلىتىش ــ سۇ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشتىكى مەركىزىي ھالقا. مۇۋاپىق سۇغىرىش تۈزۈمى بىلەن ئىلغار سۇغىرىش تېخنىكىسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا، سۇدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدۇ. چۈنكى پىلانلىق سۇ ئىشلەتكەندە، سۇغىرىش مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئۈنۈمىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، سۇغىرىش رايونىدىكى يەرلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى سۇ تارماقلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملار ئالدى بىلەن سۇ قانۇنىنى تولۇق، ماددىمۇ ماددا پىششىق ئىگىلەشتىن باشقا، ئىلغار سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق باشقىلارنى يېتەكلەش لازىم. پىلانلىق سۇ ئىشلىتىشتە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ مەنبەسىنىڭ مول بولۇش ـ بولماسلىقى بىلەن زىرائەتلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجى ۋاقىت تەقسىماتى جەھەتتە بىردەك بولمايدۇ، زىرائەتلەرنىڭ سۇغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقتى داۋاملىق سۇ مەنبەسىنىڭ يېتەرلىك بولمىغان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر بىر تۇتاش پىلان بولمىسا، قالايمىقانچىلىق ھەم سۇ ماجىراسى كېلىپ چىقىدۇ. ئادەتتە سۇ باشلاش شارائىتى قولايلىق بولغانسېرى سۇنى كۆپ ئىشلىتىپ، سۇ ئىسراپچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سۇ باشلاش شارائىتى ناچار بولغانلىرىدا ئىشلىتىدىغان سۇ يېتىشمەي زىرائەتلەر قۇرغاقچىلىققا ئۇچراپ، مەھسۇلات كېمىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق سۇغىرىش رايونلىرىدا، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ، سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش لازىم.

سۇ باشقۇرۇش تارماقلىرى ۋە ئاساسىي قاتلامدا ئىشلەۋاتقان سۇ باشقۇرۇش خادىملىرى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. (1) سۇ ھېساباتى قىلىش ئارقىلىق كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئالدىن تەدبىر قوللىنىپ، بىر تۇتاش پىلانلاش، تەڭ ئېتىبار ئېرىش، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ، سۇ مەنبەسىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، شۇنىڭ بىلەن سۇ ئىسراپچىلىقىدىن ساقلىنىش لازىم؛ (2) سۇنى مۇۋاپىق تەڭشەش بىلەن سۇغىرىش

رايونلىرىدا تەكشى سۇ ئىشلىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك پايدىلىنىش، سۇغىرىش سۈيىنىڭ پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىم؛ (3) سۇنى پىلانلىق ئىشلىتىشنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈپ، سۇغىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش لازىم؛ (4) زىرائەتلەرنىڭ ئېھتىياجلىق سۈيىنى ۋاقىتلىق، مۇۋاپىق، مىقدارلىق تەمىنلەش، باشقا دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى بىلەن ماسلاشتۇرۇش، سۇغىرىش رايونىدىكى تۇپراقنى داۋاملىق ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكىدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. سۇ ئىشلىتىش، سۇ تەقسىمەش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۇ ئىشلىتىش تەرتىپىنى، سۇدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ياخشىلاپ، سۇغىرىش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ، تۇپراقنى ئۆزگەرتىپ مول ھوسۇل ئېلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. سۇغىرىش رايونلىرىنىڭ كۆلىمىگە ئاساسەن دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئۆز دائىرىسىدىكى ئۆستەڭ، ئامبار، قۇدۇق، بۇلاق قاتارلىق ھەر خىل سۇغىرىش مۇئەسسەسەلىرىگە بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن سۇ ئىشلىتىش ئورۇنلىرى سۇ ئالغان چاغدا خاتىرىلەپ مېڭىش، سۇ ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، خۇلاسىلەش، پىلاننىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، پىلاننى ئىجرا قىلىشتا پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، يەنە ھەرىكەتچان، جانلىق بولۇش، تۇرلۇك ماتېرىياللار بىلەن سۇ تەقسىملەش، سۇ تەڭشەش ئېنىقلىق دەرىجىسىنى قەدەممۇ قەدەم ئۆبدان ئىشلەش لازىم. سۇ ئۆلچىگەندە سۇ ھېساباتىنى تولۇق ئىشلەش، ھەر دەرىجىلىك تۇراقلىق ئۆستەڭلەر بىلەن سۇ بۆلۈش نۇقتىلىرىدا سۇ ئۆلچەش، ھەر دەرىجىلىك ئۆستەڭلەرنىڭ سۇ بۆلۈش ئېغىزلىرىدا سۇ ئۆلچەش ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولۇش، سۇ ئۆلچىگەندە توغرا كۆزىتىپ، خاتىرىلەپ، كۈندىلىك ھېساباتنى تولۇق بوغۇپ تۇرۇش لازىم. تۆۋەتلەشكەندە خۇلاسىلەپ تۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، سۇ ئاخىرلاشقاندا، سۇغىرىش كۆلىمىنى تەكشۈرۈپ پىلان بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىكى باشلىغان سۇ مىقدارى، سۇغىرىلغان يەر كۆلىمى، سۇغىرىش نورمىسى، سۇدىن پايدىلىنىش كوئېففىتسېنتى، سۇغىرىش ئۈنۈمى قاتارلىق بەش خىل ھېساباتنى ئەستايىدىل ئىشلەش لازىم. (05)

# ماشىنىلاشقان قۇدۇق سۇ يۈزىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش سەۋەبى ۋە ئاسراپ ئىشلىتىش ئۇسۇلى

باھارگۈل سۇلتان
(ئاتۇش شەھىرى ئۈستۈن ئاتۇش بازارلىق سۇ باشقۇرۇش پونكىتىدىن 845350)

ماشىنىلاشقان سۇ ناسوسى ئارقىلىق قۇدۇقتىن تارتىپ چىققان سۇ، ئەسلىدە يەر ئاستىدىكى قۇم شېغىل قاتلىمىدا ساقلانغان سۇ بولۇپ، تېيىز قاتلىمىدىكى سۇ ۋە بېسىملىق قاتلىمىدىكى سۇ دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. تېيىز قاتلىمىدىكى سۇ يامغۇر، قار سۇلىرىنىڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىشى ۋە دەريا، ئېقىن، ئۆستەڭ، ئېتىزلاردىكى سۇنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ. بۇ سۇنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن بىرنەچچە ئون يىل كېتىدۇ. بېسىملىق قاتلامدىكى سۇ، يۇقىرى ئېقىمدىكى تاغ ئۈستىگە ياققان قار، يامغۇر سۇلىرى يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق، ھاسىل بولىدۇ. بېسىملىق سۇنىڭ تولۇق ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن مىڭ يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت كېتىدۇ. سۇنىڭ يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىپ تولۇقلىنىش مىقدارى چەكلىك بولىدۇ. ماشىنىلاشقان ناسوس ئارقىلىق يەر ئاستىدىن يەر ئۈستىگە تارتىپ چىققان سۇنىڭ مىقدارى، يەر ئاستىغا سىڭىپ كىرىۋاتقان سۇنىڭ مىقدارىدىن چوڭ بولۇپ، قۇدۇقتىكى تۇراقلىق سۇ يۈزى بارغانسېرى تۆۋەنلەيدۇ، بولۇپمۇ بېسىملىق قاتلامدىكى سۇ يۈزى تۆۋەنلىگەندە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يەر ئۈستىدىكى سۇلار سىڭىپ تولۇقلىنىشى ناھايىتى تەس بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ چىقارسا، قۇدۇقنىڭ تۇراقلىق سۇ يۈزى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ماشىنىلاشقان قۇدۇقتىن 30 يىلدىن كېيىن سۇ چىقماي قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ماشىنىلاشقان قۇدۇقنىڭ ئىشلەش ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئۈچۈن، ھەر يىلى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك ئاسراش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن سۇ ئىچىگە سالغان تۇرۇبىلارنى سىرتقا چىقىرىپ تازىلاش، گايكا، بولتىلارغا ماي سۈرۈش، بۇزۇلغان زاپاسلارنى ئالماشتۇرۇش، داتلاشقان يەرلىرىگە ماي سۈرۈش لازىم. ناسوسنى بىر قېتىم چۇۋۇپ بۇزۇلغان سايمانلارنى ئالماشتۇرۇش، ئاپتول ۋە خۇاڭيۇ بېرىدىغان ئورۇنلارغا ئاپتول ۋە سالىدول بېرىش. توك يولىنى تەكشۈرۈش، قۇدۇق ئىچىگە لاتقا ۋە تاش پارچىلىرىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، توك بېسىمىنىڭ تۇراقسىز بولۇشىدىن ساقلىنىش، پىلانلىق، سۇ تارتىپ ئىشلىتىش لازىم. (05)

# سۇ بايلىقى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا ئويلىغانلىرىم

پاتىگۈل قۇتلۇق
(ئاتۇش شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسىدىن 845350)

تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى سۇ بايلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ سۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ جان تومۇرى بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇ بايلىقى ئىنسانلار جەمئىيىتىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىدىغان بايلىق بولۇپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى، سۇ قاتنىشى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىش، سەيلە ساياھەت، شەھەر قۇرۇلۇشى، كۈندىلىك خەلق تۇرمۇشى، مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق تۈرلۈك ساھەلەردە كەم بولسا بولمايدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىنى كەڭ دەريالىرى كۆپ بولۇپ، دەريا ۋادا كۆلىمى 1000 كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدىغان دەريالىرى تەخمىنەن 1500 دىن ئاشىدۇ، چوڭ ـ كىچىك دەريالىرىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 480 مىڭ كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ مول سۇ بايلىق مەنبەسىگە ئىگە بولۇپ، ئېگىز تاغلاردىكى قار ـ مۇزلار ۋە ھۆل ـ يېغىنلار، يەر ئاستى سۈيى قاتارلىق شىنجاڭدىكى ئاساسلىق سۇ بايلىقى مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭدىكى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان دەريالار 750 بولۇپ، يىللىق سىغىمى 79 مىليارد 900 مىليون كۇب مېتىردىن ئاشىدۇ. شۇڭا رايونىمىز مول سۇ بايلىق مەنبەسىگە ئىگە. ئەمما بۇ مول سۇ بايلىقىنىڭ ھەرقايسى رايونلارغا تارقىلىش ئەھۋالى تولىمۇ تەكشىسىز، شىمالىي شىنجاڭدا سۇ بايلىقى مول، جەنۇبىي شىنجاڭدا بولسا سۇ بايلىقى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل. شۇڭا تەبىئىي سۇ بايلىقى مەنبەلىرىنى ئېچىش، سۇنى تىزگىنلەپ، مۇۋاپىق ئېچىپ، پىلانلىق، تېجەشلىك ئىشلىتىش، سۇ ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تىزگىنلەش، سۇ بايلىقىدىن ئىمكانىيەتلىك سىجىل پايدىلىنىش خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى يۇكسەلدۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1 سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىشتا تونۇشنى يېڭىلاپ، ئەنئەنىۋى سۇچىلىقتىن زامانىۋى سۇچىلىققا، مۇھىت ئاسراش سۇچىلىقىغا، ئىمكانىيەتلىك

سۇ چىلىقتا يۇزلەندۇرۇپ، سۇ بايلىقىنى ئېچىش بىلەن تېجەپ ئىشلىتىشنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئۇزلۇكسىز تۇردە تېخنىكا يېڭىلاپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سۇ بايلىق مەنبەلىرىدىن ئىلمىي پايدىلىنىش جەھەتلەردىكى ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە تېخنىكىلارنى كىرگۈزۇپ، ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىش كېرەك.

2. ئۇنۇملۇك بولغان سۇ تېجەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، سۇ بايلىقىنى ئاسراپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىپ، سۇ بايلىقىنى ئىسراپ قىلىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

3. بوز يەرلەرنى قارىغۇلارچە ئېچىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بوز يەرلەرنى چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېچىش كېرەك. ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە سۇ بايلىق مەنبەسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئويلاشقان ئاساستا ئىش كۆرۈپ، سۇنى تېجەپ ئىشلىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، سۇ ئىشلىتىش نورمىسىنى بېكىتىپ، سۇغىرىشقا كېتىدىغان سۇ مىقدارىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرگەن ئاساستا پىلان تۈزۈپ، چەكلىك سۇ بايلىقىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، سۇ بايلىقى ئىسراپ بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش زۆرۈر.

4. سۇ بايلىقىنى ئېچىش بىلەن بىرگە، سۇ بايلىق مەنبەلىرى بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. رايونىمىزدىكى سۇ بايلىق مەنبەلىرى مۇھىتى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇلغانغان بولۇپ، تۈزەش ۋە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، سۇ بايلىق مەنبەلىرىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

قىسقىسى، سۇ بايلىقى گەرچە ئاپتونوم رايونىمىزدا مول بولسىمۇ، رايونلار ئارا پەرق بەك چوڭ، ھەتتا بەزى رايونلاردا سۇ بايلىقى ئېغىر دەرىجىدە قىس بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىگە پاسسىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. شۇڭا رايونىمىزدا سۇ تېجەش تىپىدىكى ئىنشائاتلارنى بەرپا قىلىپ، يېڭى ۋە ئىلغار بولغان سۇغىرىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ۋە ئىلمىي تەدبىرلەرنى تۈزۈش ئارقىلىق، سۇ بايلىقىنى ئىلمىي ئۇسۇلدا ئېچىش ۋە پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. (05)

# تومتۇياق ھايۋانلاردىكى مۇرە ئالدى لىمفا تۈگىنى ياللۇغىنى بىرلىك ئۇسۇلدا داۋالاش

ئاتىكەم ئابدۇكېرىم
(يەكەن ناھىيە يەكەن بازارلىق چارۋىچىلىق، مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 844700)

**1. كېسەللىك سەۋەبچىسى:** بۇ كېسەللىك ئات، ئېشەكلەرنى بېقىپ - باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق، ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدىكى ھۆل - يېغىن مەزگىلىدە ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلاش، كېسەللىك قوزغاتقۇچى مىكروبلار يۇقۇملىنىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**2. كېسەللىك ئالامىتى:** ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئوڭ ياكى سول مۇرە ئالدى لىمفا تۈگىنى (بەزىلىك نۇقتا) ئوخشىمىغان دەرىجىدە پىيالە كۆمتۈرۈپ قويغاندەك ناھايىتى قاتتىق ئىششىدۇ. قول بىلەن تۇتۇپ باسقاندا ئاغرىتىسىنىدۇ، مېڭىش ۋە يېتىپ - قوپۇشتا قىينىلىدۇ، تەن تېمپېراتۇرىسىدا ۋە ئوزۇقلىنىشتا چوڭ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، تېزەكلەش ۋە سىيىشىدا ئۆزگىرىش كۆرۈلمەيدۇ.

**داۋالاش:** (1) 5% لىك 500 ـ 1000 مىللىلىتىر گىلۇكوزا سۇيۇقلۇقىغا 160 تۈمەن بىرلىك پېنىتسىللىندىن 10 ئامپۇ، ۋىتامىن C دىن 20 مىللىلىتىر، كامفورا ناترىي سۇلفات ئوكۇلى (樟脑磺酸钠注射液) دىن 10 ـ 20 مىللىلىتىر قوشۇپ، كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا بىر قانچە كۈن ۋېنادىن ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (2) پوشاۋتوڭنىڭ (破消痛宁) ئوكۇلىدىن 20 مىللىلىتىر كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا بىر ھەپتە مۇسكۇلغا ئوكۇل قىلىنىدۇ؛ (3) 10% لىك ئىختىيول مەلھەم دورىسى (鱼石脂软膏) كۈندە بىر قېتىمدىن ئۇدا بىر قانچە كۈن جايلىق ئورۇنغا سۈرتۈلىدۇ؛ (4) تارقىلىشچان بەز ياللۇغىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئوسما يىلتىزى ئوكۇلى (板蓝根注射液) نى كۈندە ئىككى قېتىمدىن مۇسكۇلغا ئۇدا بىر قانچە كۈن ئوكۇل قىلسىمۇ ياكى مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇدا 100 گىرام ئەتراپىدىكى ئوسما يوپۇرمىقى (大青叶) نى قاينىتىپ سوۋۇغاندىن كېيىن، سۈيىنى كۈندە ئىككى قېتىمدىن ئۇدا بىرقانچە كۈن ئىچكۈزسىمۇ بولىدۇ؛ (5) 200 گىرام ئەتراپىدىكى ماماكاپنى ئېزىپ ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ، تىرىپى بىلەن بىللە كۈنگە بىر قېتىمدىن، ئۇدا بىر قانچە كۈن جايلىق ئورۇنغا سۈرسىمۇ ياكى مەلۇم مىقداردىكى ئوغۇر تىكەن (八角刺) نى ئېزىپ ئۇماچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ تىرىپى بىلەن بىللە كۈندە بىر قېتىمدىن، ئۇدا بىر قانچە كۈن سۈرسىمۇ بولىدۇ. (02)

# قوينىڭ ساغلام ياكى كېسەللىنىپ قالغانلىقىنى پەرقلەندۈرۈش ئۇسۇلى

توختىخان ئەمەت
(قۇمۇل شەھىرى قارادۆۋە بازارلىق چارۋىچىلىق مالدوختۇرلۇق پونكىتىدىن 839115)

قوي كېسەللەنگەندە تەقى ــ تۇرقى، ھەرىكەت ئالاھىدىلىكى، فىزىيولوگىيە، بىيوخىمىيەلىك كۆرسەتكۈچلىرى ۋە مايىقى قاتارلىق جەھەتلەردە بىنورمال ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندىكى بىرقانچە جەھەتلەردە ئىنچىكە كۆزەتكەندە ساغلام قوي بىلەن كېسەللەنگەن قوينى پەرقلەندۈرۈش ئانچە تەسكە چۈشمەيدۇ.

1. **قوينىڭ روھىي ھالىتى:** تىنچ شارائىتتا ساغلام قوينىڭ تەن قىياپىتى نورمال، كۆزى نۇرلۇق، تاشقى تەسىرگە قارىتا سېزىمچان كېلىدۇ. كېسەللەنگەن قوي خامۇشلىنىپ ھەرىكەت قىلىشنى خالىمايدۇ. بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ تۇرىدۇ، تاشقى تەسىرگە قارىتا سېزىمى تۆۋەنلەيدۇ. ئوتلىغاندا ساغلام قويلار پادىغا ئەگىشىپ ئوتنى تالىشىپ تېز يەيدۇ. كېسەللەنگەن قويلار تولا چاغلاردا پادىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ، ئوت يېمەيدۇ. بىر جايدا تۇرۇۋالىدۇ ياكى يېتىۋالىدۇ. دەم ئالغاندا ساغلام قويلار قوتانغا تەكشى تارقىلىپ، تۆت پۇتىنى قورساق ئاستىغا بېسىپ ياكى سول ئارقا پۇتىنى سول تەرەپكە چىقىرىپ يانتۇراق ياتىدۇ. بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆشەيدۇ. ئادەم يېقىنلاشقاندا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئادەمدىن يىراقلىشىدۇ. كېسەللەنگەن قويلار بىر جايغا توپلىشىپ تۆت پۇتىنى قورساق ئاستىغا بېسىپ، بېشىنى قورساق قىسمىغا قويۇپ ياتىدۇ، كۆشىشى ئازلايدۇ ياكى توختايدۇ. ئادەم يېقىنلاشقاندا كارى بولمايدۇ.

2. **قوينىڭ تېرىسى يېپىنچا يۇڭى:** ساغلام قوينىڭ تېرىسى پارقىراق، ئېلاستىكىلىقى ياخشى، كۆز قوشقۇچى پەردىسى، ئېغىز بوشلۇقى ۋە بۇرۇن شىللىق پەردىسى سۇس قىزىل رەڭدە بولىدۇ. بۇرۇن ئەينىكى سۇس ۋە قىزغۇچ رەڭدە بولىدۇ. قوينىڭ يۇڭى رەتلىك، پارقىراق كېلىدۇ. كېسەللەنگەن قوينىڭ يۇڭى قالايمىقان، پارقىراقسىز بولۇپ ئاسان تۆكۈلىدۇ،

كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى، كۆرۈشكە بولىدىغان شىللىق پەردىلىرىدە قىزىرىش، تاتىرىش ياكى ساغىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ، بەزىدە يارا، يىرىڭلىق ئىششىش ھادىسىلىرى كۆرۈلىدۇ.

**3. فىزىيولوگىيەلىك ئۆزگىرىشلەر:** قوي كېسەللەنگەندە تەن تېمپېراتۇرىسى، تومۇر سوقۇشى، نەپەسلىنىشى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەردە بىنورمال ئۆزگىرىشلەر كۆرۈلىدۇ. قوينىڭ نورمال تەن تېمپېراتۇرىسى 38.5℃ - 40℃، ئۆچكىنىڭ 38.5℃ ـ 39.5℃ بولىدۇ. بۇ دائىرىدىن تۆۋەن ياكى يۇقىرى بولغاندا كېسەللىكتىن دېرەك بېرىدۇ. ساغلام قوينىڭ يۈرەك سوقۇشى تەكشى بولۇپ، ھەر مىنۇتتا 70 ـ 80 قېتىم سوقىدۇ. نورمال ئەھۋالدا قوي، ئۆچكىلەرنىڭ نەپەسلىنىش چاستوتىسى مىنۇتىغا 12 ـ 20 ۋە 10 ـ 20 قېتىم بولىدۇ.

**4. مايىقىدىكى ئۆزگىرىشلەر:** قوي، ئۆچكىلەر نورمال ئەھۋالدا سوتكىسىغا 1 ـ 3 قېتىم تېزەكلەيدۇ. كېسەللەنگەندە قەۋزىيەت ياكى ئىچى سۈرۈش كۆرۈلىدۇ. ساغلام قوي، ئۆچكىلەرنىڭ تېزەك شەكلى يۇمىلاق بولۇپ، يەرگە چۈشكەندە يېپىشمايدۇ. ماياق رەڭگى ياز پەسلىدە قارامتۇل يېشىل، قىش پەسلىدە قارامتۇل قوڭۇر بولىدۇ. ئىچى سۈرگەندە سېرىق، ئاق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، شىلىمشىق سۇيۇقلۇق قان ئارىلاش كېلىدۇ، سېسىق پۇرايدۇ. مۇنداق ئۆزگىرىشكە ئاشقازان ـ ئۈچەي ياللۇغى ياكى پارازىت قۇرت كېسەللىكى سەۋەبچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. مايىقىنىڭ قاتتىق، قۇرغاق بولۇشى، رەڭگىنىڭ قارا بولۇشى قەۋزىيەتنىڭ ئالامىتى بولۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى قوينىڭ ساغلام ياكى كېسەللەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كۆپ تەرەپلىمە ئالامەتلەرگە قاراش كېرەك. بىراق قوينىڭ قانداق كېسەللىك بىلەن كېسەللەنگەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنچىكە تەكشۈرۈش كېرەك. (02)

# كومپيۇتېرلاشقان بۇغالتىرلىق ھېسابات قىلىش ئۇسۇلى

گۈلباھار
(بۆرتالا شەھەرى چىندىل يېزىلىق ئېگىلىك باشقۇرۇش پونكىتىدىن 833400)

1. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «ھېساب تۇرغۇزۇش» ئۇسۇلىدا تۆۋەندىكى ئىشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك: بىرىنچى، ھېساب نومۇرى: كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىشقا قولايلىق يارىتىش، ئوخشىمىغان ھېسابلارنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۇرۇش ئۈچۈن ھېساب نومۇرىنى بېكىتىش لازىم؛ ئىككىنچى، ھېساب نامى: بۇ ئادەتتە ھېسابات قىلىدىغان ئورۇننىڭ نامىنى كۆرسىتىدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇغالتىرلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى؛ تۆتىنچى، بۇغالتىرلىق مەزگىلىنىڭ باشلانغان ۋاقتى: بۇغالتىرلىق ھېساباتنىڭ باشلانغان مەزگىلىنى بېكىتىش؛ بەشىنچى، ھېسابات قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاپ قوللىنىش؛ ئالتىنچى، بۇغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرىنى ئالدىن بېكىتىش: بۇنىڭدا قايسى ساھەگە تەۋە ئىكەنلىكىنى تاللاش كېرەك. ھېساب تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، بىر كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىق سىستېمىسىدا بىرقانچە بۇغالتىرلىق ئاساسىي گەۋدىلىرىنىڭ بۇغالتىرلىق ھېسابات ۋەزىپىسىنى ئورۇندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق كومپيۇتېرلاشقان بۇغالتىرلىق تېخنىكىسىنى خاتىرىلەش، كىچىك ھېسابات ئورۇنلىرىدنى ئايرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم مۇستەقىل ھېسابات قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

2. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «دەسلەپكى ھالەتكە كەلتۈرۈشنى تەسىس قىلىش ئۇسۇلى»: دەسلەپكى ھالەتكە كەلتۈرىدىغان مەشغۇلاتچى تەسىس قىلىش، بۇغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە قالدۇق سومما كىرگۈزۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كونكرېت ئۇسۇل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئىشلىتىش جەريانىدا دەسلەپكى ھالەتكە كەلتۈرۈشنى تەسىس قىلىش خىزمىتىنى توغرا، ئىنچىكە ئىشلىگەندىلا، بۇغالتىرلىق ھېساباتنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

3. «ھېساب تەسىس قىلىشتىن» تىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى بۇغالتىرلىق ئۇسۇلىنىڭ كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتا قوللىنىلىشى: (1) شەكىل جەھەتتىن «بوغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرى جەدۋىلى» بارلىق ھېساب دەپتەر-

رى ۋە دەپتەر بەتلىرىدىكى «ھېساب» نىڭ ئورنىنى ئالدى. (2) مەزمۇن جەھەتتىن ئەنئەنىۋى «ھېساب تەسىس قىلىش» ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. سىستېمىدا سانلىق مەلۇماتلارنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بوغالتىرلىق نومۇرنى بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش ئاساسى قىلىپ، دەرىجىگە ئايرىپ ھېساباتا قىلىشنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى.

4. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «دوكۇمېنت تولدۇرۇش» ۋە «ھېساب دەپتىرى خاتىرىلەش»: كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىق ئۇچۇر سىستېمىسىدا دوكۇمېنت ئىككى خىل ئۇسۇلدا تولدۇرۇلىدۇ: بىرى، دوكۇمېنتنى بىۋاسىتە سىستېمىدا تولدۇرۇش. يەنە بىرى، دوكۇمېنتنى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن سىستېمىغا كىرگۈزۈش. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «دوكۇمېنت تولدۇرۇش» بىلەن «ھېساب دەپتىرى خاتىرىلەش» تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە: بىرىنچى، دوكۇمېنتتىكى ھەرقايسى سانلىق مەلۇمات تۈرلىرى تۈر، دائىرە بويىچە ئۈنۈملۈك كونترول قىلىنىدۇ. ئىككىنچى، كۇنۇپكا تاختىسىدا مەشغۇلات قىلغاندا دوكۇمېنت خاتا تولدۇرۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرىلىدۇ. ئۈچىنچى، تولدۇرۇلغان دوكۇمېنت ئەنئەنىۋى بوغالتىرلىقتا ئوخشاش تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزىلىدۇ. تۆتىنچى، ھېسابقا خاتىرىلەشتىن ئىلگىرى دوكۇمېنتنى يىغىنچاقلاپ كۆرۈپ بېقىش كېرەك. بەشىنچى، «ھېساب دەپتىرى خاتىرىلەش» كۆچۈرۈپ يېزىش ۋە كۆپەيتىش بولماستىن، پەقەتلا دوكۇمېنتتىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئېتىراپ قىلىش جەريانىدىن ئىبارەت.

5. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «ئاپتوماتىك مېمورىئال قىلىش». بۇنىڭدا ئىككى خىل ئەھۋال بولىدۇ: بىرى سانلىق مەلۇماتنى باش ھېساب سىستېمىسىدىن ئېلىپ ھېسابقا خاتىرىلەش دوكۇمېنتنى ھاسىل قىلىش، مەسىلەن: مەزگىللىك پايدا - زىياننى مېمورىئال قىلىش. يەنە بىرى، دوكۇمېنتتىكى سانلىق مەلۇماتلارنى مۇرەككەپ يول بىلەن ھېسابلاپ ئېرىشىش. «ئاپتوماتىك مېمورىئال قىلىش»نى بېكىتىۋەتكەندىن كېيىن، ھەرقايسى بوغالتىرلىق مەزگىلدە تەكرار ئىشلىتىش ئارقىلىق، سىستېمىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

# تىراكتور ھەيدەشتە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

مەمەتھاجى ئابلىكىم
(ئاتۇش شەھىرى سۇنتاغ يېزىلىق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتىدىن 845350)

ھاراق ئىچىپ تىراكتور ھەيدىگەندە ئادەم ئۆلۈش ۋە تىراكتورنى كاردىن چىقىرىشتەك پاجىئەلىك ھادىسىلەر دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. ھاراق ئىچىپ تىراكتور ھەيدەش ھادىسە پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ھاراق ئىچىپ قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەيدەش قاتتىق چەكلىنىدۇ.

**1. ھاراقنىڭ ھەيدەش تېخنىكىسىغا بولغان تەسىرى:** ھاراق ئىچكەندە تىراكتورنى ھەيدەش ئىقتىدارى ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئۇچرايدۇ، تىراكتور ئالدىدىكى نەرسىلەرنى پەرق ئېتىش، پىكىر قىلىش، ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى ئاجىزلايدۇ. شۇڭا تىراكتور شوپۇرى ھاراق ئىچىپ تىراكتور ھەيدىسە ئاسانلا قاتناش ھادىسى پەيدا بولىدۇ. نۆۋەتتە ھاراق ئىچكەندىن كېيىن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى ھەيدەشتىن كېلىپ چىققان قاتناش ھادىسى ئازايماستىن ئەكسىچە كۆپىيىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن قانۇني ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەيدەش تەشۋىقات تەربىيەسىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھاراق ئىچىپ تىراكتور

---

6. كومپيۇتېرلاشقان بوغالتىرلىقتىكى «بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى» تۈزۈش: بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈش بۇغالتىرلىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، بۇغالتىرلىق ھېسابات يۇمشاق دېتالىدا بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۆۋەندىكى ئىككى باسقۇچ بويىچە تۈزۈلىدۇ، بىرىنچى، لايىھەلەش باسقۇچى. بۇنىڭدا ئىككى خىل ۋەزىپە بار: بىرى، مەلۇمات جەدۋىلىنىڭ شەكلىنى لايىھەلەش، يەنە بىرى، سانلىق مەلۇمات مەنبەسىنى بېكىتىش. ئىككىنچى، ئىشلىتىش باسقۇچى. مەلۇم بۇغالتىرلىق مەزگىلىدىكى بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى ئاپتوماتىك شەكىللىنىدۇ. بۇغالتىرلىق يۇمشاق دېتاللىرىدا بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈش ناھايىتى قولايلىق بولغاچقا، ئەنئەنىۋى بوغالتىرلىققا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ تەپسىلىي جەدۋەللەرنى تۈزۈپ، باشقۇرغۇچىلارنى لازىملىق ئۇچۇرلار بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىگىلى بولىدۇ. (05)

ھەيدەشنى قاتتىق چەككىلەپ ۋە ھاراق ئىچىپ تراكتور ھەيدەشتىن قەتئىي ساقلىنىش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكى ۋە مال مۈلكىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق، ۋە سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشقا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن، مەدەنىيەتلىك مەشغۇلاتچى بولۇپ، ھاراق ئىچىپ تراكتور ھەيدەش قىلمىشلىرىنى سادىر قىلماسلىق كېرەك.

**2. ئىسپىرتنىڭ ئادەم بەدىنىگە بولغان زىيانلىق تەسىرى:** ھاراقتا ئىسپىرت تەركىبى بولۇپ، ئىسپىرت ئادەمگە نىسبەتەن ناركوز قىلىش رولىغا ئىگە، ناۋادا مېڭىنىڭ باشقا نېرۋا توقۇلمىلىرىدىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقى ئارتىپ كەتسە، چوڭ مېڭە تۈگۈن نېرۋىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قاشاڭلىتىدۇ - دە، ئورگانىزم نېرۋىلىرىغا تارقىلىدۇ. بۇ چاغدا ئادەمنىڭ ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ، دەسلەپتە مېڭە تۈگۈن نېرۋىلىرى زەھەرلەنگەچكە، ھەرىكەت نېرۋىسىنىڭ چەكلەش ئىقتىدارىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ - دە، ئادەمدە پسخىكا جەھەتتىن يېنىكلەپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. قول - پۇتلارنىڭ ھەرىكىتى ئەكسىچە تېخىمۇ چاققانلىشىدۇ، ئەمما پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى قاشاڭلىشىدۇ. ھاراق ئىچكەندىن كېيىنكى مەستلىك ئالامەتلىرى: ئەلۋەتتە، سەل - پەل مەست بولۇش، يېنىك مەست بولۇش، ئېغىر مەست بولۇش ۋە بىخود مەست بولۇش دەپ تۆت دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. سەل - پەل مەست بولۇش بىلەن يېنىك مەست بولۇشنىڭ ئۆزىلا تىراكتور ھەيدىگۈچىلەرگە نىسبەتەن خېلى تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى بۇ چاغدا ئىنكاس ئاستىلاپ، ھەرىكەت ماسلاشماي، ئوڭايلا ھادىسە پەيدا بولىدۇ. ئېغىر ياكى بىخود مەست بولغاندا ھەيدەش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقاچقا، تىراكتور ھەيدەش قاتتىق چەكلىنىدۇ. يېزىلاردا يول تار، يول ياقىسىدا ئېگىز - پەس يەرلەر كۆپ، يولدا ماڭىدىغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى، ئادەم ۋە چارۋىلار كۆپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، نۇرغۇن يول بۆلەكلىرىدە شەھەرلەرگە ئوخشاش «قىزىل، يېشىل چىراق» ئورنىتىلمىغاچقا، قاتناش قائىدىسىگە رىئايە قىلمايدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تىراكتور شوپۇرلىرى ھاراق ئىچىپ تراكتور ھەيدىسە، ئاسانلا ھادىسە پەيدا بولىدۇ.

**3. بەدەندىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقىنىڭ ھەيەش ئىقتىدارىغا**

# ئوتۇن - كۆمۈر تېجەيدىغان ئوچاقتا دائىم كۆرۈلىدىغان كاشىلىلارنى ئوڭشاش ئۇسۇلى

هۆرنىسا ئابلىكىم
(قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يېزا ئېنېرگىيە مۇھىت ئاسراش خىزمەت پونكىتىدىن 845350)

**1. ئوچاق ياپقۇچىدىن ئىس، ئوت يېنىش:** (1) ئوتداننىڭ كۆلىمى بىر قەدەر كىچىك بولۇپ قېلىپ، ئوتۇن - كۆمۈر بىر قېتىمدا كۆپ سېلىنىپ كەتسە، يېقىلغۇ ماتېرىيال تولۇق كۆيۈپ كېتەلمەي، ئىس، ئوت ياندۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ئوتداننىڭ كۆلىمىنى تەڭشەپ، يېقىلغۇ ماتېرىيالنى ئاز - ئازدىن پات - پات سېلىپ، تولۇق كۆيۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (2) ئوتۇن، شاخ - شۇمبا بەك ھۆل بولسا، ئەمدىلا كۆيگەندە پارلىنىش كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئىس تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ قالىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە قۇرۇق، ئاسان كۆيىدىغان ئوتۇن، شاخ - شۇمبىلارنى قالاش كېرەك. (3) ئوت توسۇقى بىلەن قازان تېمى ئارىسىدىكى بوشلۇق بەك كىچىك بولسا، ئىس ئوبدان ماڭمايدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئوت توسۇقى بىلەن قازان تېمى ئارىسىنى تەڭشەش كېرەك. (4) ئىس يولى، تۇرخۇن ئېغىزىدىن ئىس راۋان ماڭماسلىق ئەھۋالى كۆرۈلۈپ، ئاسانلا

---

**بولغان تەسىرى:** ھەربىر ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقىدا ناھايىتى چوڭ پەرق بولىدۇ. بەدەندىكى ئىسپىرت قويۇقلۇقى يۇقىراق چاغدا، تىراكتور ھەيدىگۈچىگە بولغان تەسىرىمۇ چوڭراق بولىدۇ. ئادەتتە ئىسپىرت قويۇقلۇقى 0.8% كە يەتكەندە ھەيدەش ئىقتىدارى ئاجىزلاشقا باشلايدۇ. ئىسپىرت قويۇقلۇقى 1% كە يەتكەندە ھەيدەش ئىقتىدارى 15% ئاجىزلايدۇ، ئىسپىرت قويۇقلۇقى 1.5% كە يەتكەندە ھەيدەش ئىقتىدارى 30% ئاجىزلايدۇ. شۇنىڭدەك، ھەيدىگۈچىنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۇرۇشى بەلگىلىك تەسىرگە ئۇچراپ، دىققىتى ئاسان چېچىلىپ ھەيدەۋاتقان قاتناش ۋاستىتى بىر تەرەپكە ئېغىپ كېتىدۇ. ئىسپىرت قويۇقلۇقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھەيدەش ئىقتىدارىغا بولغان تەسىرى بارغانسېرى چوڭىيىپ، ھادىسە كۆرۈلۈش نىسبىتىمۇ ئېشىپ بارىدۇ. شۇڭا ھاراق ئىچىپ ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى ھەيدەش قىلمىشىنى قاتتىق چەكلەپ، بىخەتەر يول يۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. (02)

ئىس ياندۇ. بۇنىڭغا قارىتا تۇرخۇننى، جەينەكلەردىكى قۇرۇمنى تازىلاش كېرەك. (5) تۇرخۇن توسۇلۇپ ئىس، ئوت چىقىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئىس يو-لىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىس چىققان يېرىنى ئېتىش كېرەك. (6) تۇرخۇن ئورنى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن ئىس ئوت يېنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا، تۇرخۇن ئورنىنى ئۆزگەرتىش ياكى تۇرخۇننى مۇۋاپىق ئېگىزلىتىش كېرەك.

**2. قازانغا سۇ قويغاندا بىر تەرىپى قايناپ، يەنە بىر تەرىپى قايىنماسلىق:** (1) كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ كۈچى قازان ئاستىنىڭ مەركىزىگە مەركەزلەشمىگەنلىكتىن بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا يېقىلغۇ ماتېرىيالىنى توغرا قويۇپ، ئىس يولى (كاناي) غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان توسۇقنى تەڭشەپ، ئوتنى تەكشى كۆيدۈرگان قىلىش كېرەك. (2) ئىس چىقىش ئېغىزىدىكى ئوت توسۇقى بىلەن قازان تېمى ئارىسىدىكى بوشلۇق سەل چوڭ ياكى سەل كىچىك بولۇپ قالغانلىقتىن، ئوت كۈچى تەكشى تارقىيالمىغانلىقتىن ئىس ئوت يېنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئىس چىقىش ئورنىدىكى ئوت توسۇقى بىلەن قازان تېمى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تەڭشەش كېرەك. (3) ئوتدان بەك چوڭ ياكى بەك كىچىك بولغانلىقتىن ئىس، ئوت يېنىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوتدانىنىڭ كۆلىمى (چوڭ - كىچىكلىكى) نى تەڭشەش كېرەك.

**3. قازان ئاسان قايىنماسلىق، ئوت ئاستا كۆيۈش:** (1) ئوت تېگىدىن ئېگىزلىك بەك چوڭ بولۇپ كېتىپ، ئوت يالقۇنى قازان تېگىگە ئۇ-چۇشلۇق تەگمىگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوت تېگىدىن ئېگىزلىكنى تەڭشەش كېرەك. (2) ئوت توسۇقى (ئوت توسىدىغان تاختا) بىلەن قازان تېمى ئارىسىدىكى بوشلۇق بەك چوڭ، كانىيى بەك چوڭ، ئوت يالقۇنى سەل چەتنىگەن، ئىسسىقلىق تۇرخۇن (مورا) دىن چىقىپ كېتىدىغان ئەھۋالدا كۆرۈلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا ئوت توسۇقى بىلەن قازان تېمى ئارىسىدىكى بوشلۇقنى تەڭشەپ، كانىيىنى كىچىكلىتىش كېرەك. (02)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى

**27 - ماددا** پۈتۈن جەمئىيەتتە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، قوغدايدىغان، تەربىيىلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش كېرەك.

دۆلەت ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي تەشكىلاتلار شۇنىڭدەك باشقا تەشكىلاتلار ۋە شەخسلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىدۇ.

**28 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ھەمدە قۇرامىغا يەتمىگەنلەر ئىچىدىكى ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بارلار، مېيىپلار ۋە كۆچمە نوپۇس ئىچىدىكى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مەجبۇرىيەت مائارىپنى قوبۇل قىلىشىنى تەدبىر قوللىنىپ كاپالەتلەندۈرۈشى كېرەك.

**29 - ماددا** ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇش ئېھتىياجىغا باب كېلىدىغان پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە ئەسلىھەلەرنى ھازىرلاپ بېرىشى ۋە ياخشىلىشى، جەمئىيەتتىكى كۈچلەرنىڭ قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە باب كېلىدىغان پائالىيەت سورۇنلىرىنى ھازىرلىشىغا ئىلھام بېرىشى ھەمدە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**30 - ماددا** ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، كۇتۇپخانا، ياش - ئۆسمۈرلەر سارىيى، بالىلار پائالىيەت مەركەزلىرىنى قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ھەقسىز ئېچىپ بېرىشى كېرەك؛ مۇزېي، خاتىرە سارىيى، پەن - تېخنىكا سارىيى، كۆرگەزمىخانا، گۈزەل سەنئەت سارىيى، مەدەنىيەت سارىيى شۇنىڭدەك كىنو - تىياتىرخانا، تەنتەربىيە مەيدانى (سارىيى)، ھايۋاناتلار باغچىسى، باغچە قاتارلىق سورۇنلارنى ئالاقىدار بەلگىلىمىلەر بويىچە قۇرامىغا يەتمىگەنلەرگە ھەقسىز ياكى ئېتىبار باھادا ئېچىپ بېرىش كېرەك.(05)

# توڭلاتقۇ ئىشلەتكەندە دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

ھەلىمە تۇرسۇن
(«يېزا پەن ـ تېخنىكىسى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن 830091)

نۆۋەتتە تۇرمۇش سەۋىيەمىزنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردا توڭلاتقۇ ئىشلىتىش ئومۇملىشىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار گۆش ۋە ھەر خىل مەھسۇلاتلارنى يېڭى پېتى ساقلاپ، بۇلغانمىغان يېمەكلىك ئىستېمال قىلىش مەقسىتىگە يەتمەكتە.

1. توڭلاتقۇنى چوقۇم ئادەم ياتمايدىغان ئۆيلەرگە قويۇش، بولۇپمۇ ياتاق ئۆيلەرگە قەتئىي قويماسلىق كېرەك. بولمىسا ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2. توڭلاتقۇ قويغان ئۆينىڭ ھاۋاسىنى كۈندە 2 ـ 3 قېتىم ئالماشتۇرۇش كېرەك.

3. توڭلاتقۇغا گۆش سالغاندا مەخسۇس خالتىلارغا سېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

4. توڭلاتقۇدىن گۆش ئالغاندا، ئامال بار پەلەي كىيىش، بولۇپمۇ ياشانغان، تۇغۇتلۇق، ئوپېراتسىيەدىن يېڭىدىن قوپقانلار، چوقۇم قولىغا پەلەي كىيىپ ئېلىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

5 توڭلاتقۇغا خام ـ پىششىق تاماقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سالماسلىق، قويۇشقا توغرا كەلسە مەخسۇس قاچا ياكى خالتىلارغا سېلىپ ئاغزىنى ھىم ئېتىپ قويۇش كېرەك.

6. توڭلاتقۇدا تەييار يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇن ساقلىماسلىق، ساقلاشقا توغرا كەلسە، 10 ـ 15 كۈن ساقلاپ ئىشلىتىش كېرەك.

7. توڭلاتقۇغا ئامال بار مېۋە ۋە كۆكتاتلارنى سالماسلىق لازىم. بولمىسا ئۇلاردا قايتا بۇلغىنىش ئېغىرلىشىپ بەزى ئاستا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

# كۆكتاتلاردىكى ئاساسلىق بۇلغانمىلار ۋە ئۇلارنىڭ زىيىنى

شەرىپەم مەسۇم
(غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈز يېزا دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتىدىن 835100)

1. دېھقانچىلىق دورىلىرى، بولۇپمۇ ئورگانىك فوسفورلۇق ۋە كارابامات تۈرىدىكى دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ئەڭ كۆپ، ئىشلىتىش مىقدارى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، كۈچلۈك زەھەرلەش خاراكتېرىدىكى بۇلغانمىلارنى پەيدا قىلىدۇ.

2. كۆكتاتلار نىتراتلارنى ئاسان يىغىۋالىدىغان ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ، بولۇپمۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدە خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ كۆپلەپ ئىشلىتىلىشى، كۆكتاتلاردىكى نىتراتلارنىڭ مىقدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

3. كۆكتاتلاردىكى بۇلغىنىشنى ئېغىر مېتاللار، سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز» نىڭ قويۇپ بېرىلىشى ۋە شەھەر ئەخلەتلىرى، بۇلغانما پاتقاق ۋە ئېغىر مېتال تەركىبى بولغان خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى پەيدا قىلىدۇ. زەھەرلىك ئېغىر مېتاللار ئاساسلىقى مىس، سىنىك، كادمىي، خىروم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئاپتوموبىللار قو-

8. ھەر پەسىلدە، بولۇپمۇ ياز پەسلىدە تاۋۇز، قوغۇن، مېۋە شەربىتى ۋە چايلارنى توڭلاتقۇدا مۇزلىتىپ يېمەسلىك كېرەك. بولمىسا ئاشقازان، ئۈچەي ياللۇغىنى ۋە يۈرەك كېسەللىكىگە سەۋەبچى بولىدۇ.

9. توڭلاتقۇ ھەر خىل گۆشلەرنى سېلىپ مۇۋاپىق ساقلاپ يېيىشكە بەكمۇ قولايلىق ئائىلە سايمىنى بولۇپ، گۆشنى سېلىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن بوشىتىپ قويسا، ئېلىپ ئىشلىتىشكە قولايلىق بولىدۇ.

10. توڭلاتقۇنىڭ نورمال ساقلايدىغان ساندۇقلىرىنىڭ تازىلىقىغا ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىش، قارا چاي، ئاپېلسىن شۆپىكى قاتارلىقلارنى خالتىغا قاچىلاپ قويۇپ ئىشلەتكەندە، توڭلاتقۇدىكى غەيرىي پۇراقلارنى تازىلاپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بولمىسا توڭلاتقۇدىكى ھەر خىل مىكروبلار مېڭە، ئاشقازان، ئۈچەي قاتارلىق ئەزالارنىڭ نورمال پائالىيىتىنى تورمۇزلاپ، كېسەل پەيدا قىلىدۇ. (02)

يۇپ بەرگەن بۇلغانمىلارمۇ بار. لېكىن ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتاتلارنىڭ كۆپ قىسمىنى پىشۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان بولغاچقا، پىشۇرۇش جەريانىدا مىكرو ئورگانىزملار ئۆلىدۇ، پەقەت پىشۇرمىغان ياكى يېيىشتىن بۇرۇن پاكىز يۇمىغان كۆكتاتلارنى يېمىسىلا، ئاساسىي جەھەتتىن بۇ خىل بۇلغانمىلارنىڭ ئادەم بەدىنىگە زىيان سېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

4. دېھقانچىلىق دورىلىرى بىلەن بۇلغانغان كۆكتاتلارنى دائىم ئىستېمال قىلغاندا، دېھقانچىلىق دورىسىدىن ئاستا خاراكتېرلىك زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىپ، ئادەمنىڭ نېرۋا ئىقتىدارىغا تەسىر قىلىدۇ. ئېغىر بولغاندا باش قېيىپ كۆپ تەرلەش، ماغدۇرسىزلىنىشنى پەيدا قىلىپ، كۆڭلى ئېلىشىپ قۇسىدۇ. قورسىقى ئاغرىپ ئىچى سۈرىدۇ، دىمى سىقىلىدۇ، كۆزى قاراڭغۇلىشىش قاتارلىق كېسەللىك ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

5. نېيتراتلارنىڭ زەھەرلەشچانلىقى ئانچە تېز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم بەدىنىدە نىترىتلارنى ھاسىل قىلىپ، نورمال قان قىزىل ئاقسىلنى ئوكسىدلاپ، يۇقىرى تومۇرلۇق قان قىزىل ئاقسىلغا ئايلاندۇرۇپ، ئوكسىگېن ئېلىپ يۈرۈش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئادەم بەدىنىدە ئوكسىگېن كەملىكىنى پەيدا قىلىپ، يۇقىرى تومۇرلۇق قان قىزىل ئاقسىلى كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نىترىتلار يەنە ئادەمنىڭ ئۈچەي، ئاشقازاندىكى ئازوتلۇق بىرىكمىلەر بىلەن بىرىكىپ، راك پەيدا قىلغۇچى نىتروزامىننى ھاسىل قىلىپ، ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدا راك پەيدا قىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا نىتراتلارنىڭ يىغىلىش تەرتىپى مۇنداق: يوپۇرمىقى ئىستېمال قىلىنىدىغان، يىلتىزى ئىستېمال قىلىنىدىغان كۆكتات تۈرلىرى، پىياز - سامساق تۈردىكىلەر، قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە تۈردىكىلەر، پۇرچاق تۈردىكىلەر، پىدىگەن تۈردىكى كۆكتاتلار، پىشۇرۇلغان كۆكتاتلارنى ساقلاش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، ئۇنىڭدىكى نىترىتلارنىڭ مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاشىدۇ، شۇڭا پىشۇرۇپ بىر كېچە ساقلانغان كۆكتاتلارنى يېمەسلىك تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

كۆكتاتلارنىڭ ئېغىر مىتاللاردىن بۇلغىنىشى ئادەتتە ئادەملەردە جىددىي خاراكتېرلىك زەھەرلىنىش پەيدا قىلمايدۇ، لېكىن ئۇ ئادەم بەدىنىدە ئۇزۇن مۇددەت ساقلىنىپ قالسا، سالامەتلىككە يوشۇرۇن خەۋپ ئېلىپ كېلىدۇ. (02)

يېزا ئىگىلىكىنى
يېزا بىلەن دېھقانلار
مەسىلىسىنى ياخشى ھەل
قىلىش پۈتكۈل پارتىيە
خىزمىتىدىكى مۇھىم
ئىشلارنىڭ مۇھىمىدۇر

"مەركەزدىن سادا" نىياز كېرىم شەرقى

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2014-يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز!




# يېزا پەن — تېخنىكىسى

(ئايلىق ژۇرنال)

# 农村科技

(月刊)

---

باشقۇرۇپ چىقارغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «يېزا پەن -تېخنىكىسى» ژۇرنىلى رېداكسىيەسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: ھەلىمە تۇرسۇن تېلېفون ۋە فاكس نومۇرى: 4505075 — 0991
مۇھەررىرلەر: ئابلەت ھەبىبۇللا ئەنۋەر مۇھەممەت
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى نەنچاڭ يولى 403 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 830091
باسقۇچى ئورۇن: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى باھاسى: 2.00 يۈەن
تارقاتقۇچى ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى
مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: جايلاردىكى پوچتىخانىلار، نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى، پەن-تېخنىكا ئىدارىسى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك نومۇرى: ISSN 1004-1095
مەملىكەتلىك بىر تۇتاش نومۇرى: CN 65-1046/S-W
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 123 ـ 58 ئېلان كىنىشكا نومۇرى: 0016

---